# ئىختىرا ھەۋىسى باشلىنار شۇنداق

تۇرغان شاۋۇدۇن

مىللەتلەر نەشرىياتى

تۇرغان شاۋۇدۇن

# ئەتىرا ھەۋىسى باشلانار شۇنداق

(شېئىرلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


**شېئىرلار** . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 1 )
سالامەتلىكنىڭ چوقۇشى . . . . . . . . . . . . . ( 1 )
مۇقام . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 2 )
مىللى ناخشىلار . . . . . . . . . . . . . . . . ( 4 )
ھاجەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 5 )
گۈيلىن تەسىراتلىرى . . . . . . . . . . . . . . ( 6 )
ئاتا نەسىھىتى . . . . . . . . . . . . . . . . ( 9 )
"ئون يىل" . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 10 )
تونۇلار مەيداندا مەرت . . . . . . . . . . . . ( 11 )
ئىختىرا ھەۋىسى باشلىنار شۇنداق . . . . . . . . ( 11 )
تۇرپان ئۈزۈمى . . . . . . . . . . . . . . . . ( 13 )
سازەندە ناخشىسى . . . . . . . . . . . . . . . ( 14 )
ياشلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 14 )
ھەۋەسكار . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 15 )
سەنئەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 16 )
ناخشا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 18 )
يىللار شاتلىقى . . . . . . . . . . . . . . . . ( 19 )
**باللادىلار** . . . . . . . . . . . . . . . . ( 21 )

ئۆكتەبىر نۇرىدا . . . . . . . . . . . . . . ( 21 )

سەرگۈزەشت . . . . . . . . . . . . . . . ( 29 )

كارىز ناخشىسى . . . . . . . . . . . . . ( 47 )

گۈلى . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 55 )

**داستانلار** . . . . . . . . . . . . . . ( 68 )

گۈلسۈم . . . . . . . . . . . . . . . . ( 68 )

باتۇرلارغا مەدھىيە . . . . . . . . . . . ( 84 )

توكۇلاك ئاۋازى . . . . . . . . . . . . . ( 99 )

# شېئىرلار

## سالامەتنىڭ چۈشى

ئاكا، دىدى سىڭلىم سالامەت.
بۈگۈن كۆرگەن چۈشۈم كارامەت.
قانات ياساپ چىقتىم مەن ئايغا.
ئاينىڭ ئۈستى ئىكەن ئالامەت.

ئىگىز-ئىگىز تاغلارلا پەقەت،
تۇرار كۆككە قاتار باش تىرەپ.
كۆرۈنمەيدۇ دەل-دەرەخ گىيا،
تۇرار ھەممە يەر قۇرۇپ-چۆلسىرەپ.

بىراق ھەممە ياقتا مەدەنلەر،
كۆزنى چېقىپ تۇرار يالتىراپ.
ئۇنى كۆرۈپ يايراپ ۋۇجۇدۇم.
پەرۋاز قىلدىم مارسقا قاراپ.

لېكىن شۇندا ئاپام ۋاقىراپ،
ماڭ مەكتەپكە، دىدى ئويغىتىپ:

كۆرەلمىدىم مەن مارىسنى ئاكا،
كىرەرمۇ ئۇ چۈشۈمگە يىنىپ؟

دىدىم: بولدى بولما ئاۋارە،
يۇرمە ئۇنى ساقلاپ ئويۇڭدا.
لېكىن ئۇنى كۆرىسەن ئەمدى،
چۈشۈڭدە ئەمەس، بەلكى ئوڭۇڭدا.

شۇڭا كىرەك كۆپ ئوقۇش-بىلىم،
دەرسىڭنى ئوقۇ تىرىشىپ پۇختىلاپ.
كېتەلمەيدۇ ئىنسان قولىدىن،
ھىچبىر نەرسە قېچىپ-يورغىلاپ.

1959-يىل.

## مۇقام

سىمچىڭنى قولغا ئالدىڭ ھەم ماڭا باقتىڭ قىيا:
باشلىساق سازنى مۇقامدىن بارمۇ دەپ خۇشتۇك گويا.

بولمىسۇن خۇشتۇم نىچۈن تۇرسا مۇقام دەستۇر ماڭا.
باشتىلا سىڭگەن مىنىڭ قەلبىمگە ئۇ بولۇپ زىيا.

كىرىشى جەملەر پىكىر، تاقفاي قانات نەغمە ئاڭا،
قىلدۇرار پەرۋاز ئۇنى بوپ مەرغۇلى جان بەخش ھاۋا.

كۆردەمەن داستاندىن مەردانىلەر قىسسىسىنى،
مەشرىپى ئۆز شوخلۇغى بىرلە سۇنۇق دىلغا داۋا.

بىناۋا بولسام ناۋا چالماق مۇقەددەم ئادىتىم.
مەي ئىچەرمەن مەي ئىچىشنى ئەيلەپ سىگاھ بىرلە راۋا.

راك راھەت ئەيلەر بەخش، جانغا ھۇزۇر مۇشاۋىرەك،
بولغۇسى مۇترىپ ئىشق ئەھلىگە ئوشاق ـ لەگۈۋا.

يەتسە فۇرقەت باشىمە قىلماق ئەجەمنى دىلغا جا،
باياتى يادىدا ھەركىم چەكمەس پىراقى ئىنزىۋا.

يار ماڭا ھەردەم يانا چارىگا، ئۆز ھال، ئىراق،
پەنجىگايۇ ـ چەبىيات ئەيلەرگە كۇندۇز ـ تۈن ناۋا.

ئاڭلىماي چالماي ئۇنى ئۆتمەس كۇنۇممۇ مەنىلىك،
سىزغۇسى ھەر نەغمىسى قەلبىمگە نەقش ماسىۋا.

تارت سازەندىم سىمچىگىنى جۆر بولاي نەغمەڭگە مەن،
ئەيلىسۇن پەرۋاز مۇقام كۆكنى قۇچقاندەك سابا.

---

① مۇترىپ ــ سازەندە.
② ئىنزىۋا ــ يىراقلىق.
③ ماسىۋا ــ سۈرەت.

# مللى ناخشلار

سۆت بلەن سڭگەن مېنڭ باغرىمغا بۇ پاك ناخشلار،
سۆيۈنەر قەلبم مېنڭ ئاڭلاپ ئۇنى باشقچلا.

ئاڭلماي ئۆتكەن كۈنۈم ئۆتكەي بۇرۇختۇملۇق بلەن،
تېپلماس ئچسەممۇ شەربەت، تاۋىممۇ بولماس ئانچلا.

تەم برەر ئاشمغا ئۇ، جەملەر پكر باشمغا ھەم،
قلدۇرۇپ ئەجداتلرىم روھنى ئالدىمدا جۇلا،

يات ئدى مەي تەپتدىن جسمىدە بۇنچە قوزغۇلۇش،
ئاشۇ ئەجداتلار روھى روھمنى قلدى مۇپتلا.

بولمسا ئەجداتلرىم، ئەۋلاتلرىم نەدە ئدى،
ئاقدۇ دەريا تولۇپ باشتا بۇلاق بولغاندىلا.

سۇ ئچەيمەن شۇ بۇلاقتن بۇ كۆڭۈل بولسۇن ئاۋات،
تارت سازەندەم سمچگڭنى تارلرڭ قلسۇن ندا.

1976 ـ يل.

# ھاجەت

چىمەنگە نۇر بىلەن يامغۇر، باھارغا گۈل-چېچەك ھاجەت،
يېتەرگە ئارزۇ-مەقسەتكە چىدام، غەيرەت، تىلەك ھاجەت.

ياراتساڭ ئەل ئۈچۈن تۆھپە ئۆزەڭنى ئۆزگىدىن كەم تۇت،
سىناشقا مەرتنى مەيداندا ھامان كۈچلۈك يۆلەك ھاجەت.

ئۇنتۇما ئەسلى زاتىڭنى، يوقاتما نامۇئاتىڭنى،
باھادىر ئەھلىگە ھەردەم قۇچۇپ شان ئۆرلىمەك ھاجەت.

1978-يىل.

# گۈيلىن تەسىراتلىرى

## گۈيلىن

كەڭ زېمىن بولسا دېڭىز گۈيلىن ئۇنىڭ بىر تامچىسى.
گەر ئۇنى گۈلزار دىسەك گۈيلىن ئۇنىڭ گۈل تاجىسى.

كىم ئۇنى كۆرسە شۇ دەم ھەيرانلىغى چەكتىن ئاشار،
ئاڭا جەم بولغان جاھان گۈزەللىگىنىڭ بارچىسى.

يوق بىراق دۇنيادا ھىچ ئۇنداق گۈزەل ئىككىنچى يۇرت،
ئۇ گويا كۆرگەزمىگە قويغان بېھىشنىڭ پارچىسى.

كۈنۈتۈن ئالماشسىمۇ گەر، بۇندا ئالماشماس پەسىل،
ئۈستىدە جۇلالىنار ھەردەم باھار سەرپايىسى.

بېغى گۈل، تېغىمۇ گۈل، گۈلدۈر ئېتىز، يول قاسنىغى،
گۈل پۇرايدۇ زەپمۇ خۇشخۇي يەرۇئاسمان ئارىسى.

تال ـ سۆگەتزارلار تۇتاشتۇرغان بېغىنى تېغىغا،
شاملى دىلغا ئارام، جانغا ھۇزۇردۇر سايىسى.

سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك، ئويناق سىماپتەك ئۆركىشى،
ئەكس ئېتەر ئەينەك كەبى ھۆسنىدە تاغلار شولىسى.

قاي تەرەپكە باقمىغىن، ئەيلەر سېنى مەپتۇنى-لال.
ئۇ گويا ئىنسان ئۈچۈن پۈتكەن ساياھەت باغچىسى.

گەر ئاڭا كىرسەڭ ئۆتەر قەلبىڭ گۈزەللىك ئىلكىگە،
قالغۇسى چىقساڭ يېنىپ ئۇندا يۈرەكىنىڭ پارىسى.

## گۈيلىن تاغلىرى

ئوخشىماس دۇنيادىكى ھېچ تاقتا گۈيلىن تاغلىرى،
ئوخشىماس ھەمدە يېشىل گۈلباقتا گۈيلىن تاغلىرى.
گەر گۈزەل بىر باغ دېسەك كۆركەم گۈزەل گۈيلىننى بىز،
ئوخشىغاي شۇ باغدا ئۆسكەن شەمشاتتا گۈيلىن تاغلىرى①.

تۇرىدۇ كۆكنى تىرەپ خۇددى زەبەردەست جەڭچىدەك،
كۆز بولۇپ بۇ مىسلى ئۇز تۇپراقتا گۈيلىن تاغلىرى.

يارىتىلغان شۇنچە غەيرى (ياسىغاندەك قول بىلەن)،
لال بولغان ئەلدىن ھۇزۇر ئالماقتا گۈيلىن تاغلىرى.

---

① گۈيلىن تاغلىرى يەردىن ئۈنۈپ چىققان ھالەتتە **خۇددى مۇناردەك** قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ.

يارىتىلغان ياكى ئەلنى تېخىمۇ قىلماقتا شات.
شوتا بوپ ئاسمانغا يول ئاچماقتا گۈيلىن تاغلىرى؛

## لىجياڭ دەرياسى①

بۇ دەريا گۈزەللىكنىڭ سەيناسىمۇ؟
ۋە ياكى ئۇنىڭ شەرھى ـ مەناسىمۇ؟
ياكى ئۈز تەبىئەتنىڭ رەناسىمۇ؟
يارالغان ئەجەپ كۆركەم، ئەجەپ ھەيۋەت!

قاتمۇ ـ قات تىك چوققىدۇر ئىككى ساھىل،
چوققىلار گويا گۈلدىن بولغان ھاسىل.
چاقنىشى قەھرىۋانىڭ ئۇندا كامىل،
شولىسى سۇ ئاستىدا خۇددى سۈرەت.

ماڭغانچە ئۇنى بويلاپ ئالغا قاراپ،
ئاچىدۇ تاغلار قۇچاق، گۈلدەك چاقناپ.
بەسلىشەر گۈزەللىكتە ئۇلار شۇ تاپ،
كۆرسىتىپ جامالىنى نۆۋەت ـ نۆۋەت.

ئوخشىسا بىرى ھەيۋەت مۇنارىغا،
ئوخشايدۇ يەنە بىرى خۇددى نارغا،

① گۈيلىندىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا.

چاپىدۇ پىل بوپ بىرى كۈنچىقىشقا،
تەلپۈنەر كۆككە بىرى سۇمرۇغ سۈپەت.

قىلدۇرۇپ جەۋلان ئۇنى ئۆز ئىلكىدە،
ئاقىدۇ دەريا ھامان شوخ كۈلكىدە،
كۈن نۇرى ئويناپ ئۇنىڭ ئۆز ھۆسنىدە،
چاچقاندەك بولار ئالتۇن تەڭگە شۇ پەيت.

تىكلىدىم ئاڭا تويماي يېنىش-يېنىش،
ئورنىدى مەنزىرىدىن دىلغا نەقىش.
ھەر نەقىش ئېتىپ چەكسىز ئىلھام بەخش،
تۇيۇلدى دەريا ماڭا بوپ شېئىرىيەت.

1978-يىل 11-ئاي. گۈيلىن.

## ئاتا نەسىھىتى

سەن تۇغۇلدۇڭ جان بالام گۈلزار ۋەتەن بوستانىدا،
تۇغۇلۇپ كۆردۈڭ قىزىل تۇغنى ۋەتەن ئاسمانىدا.

بىل شۇنى ھەر بىر چېچەك شېھىت قېنىدىن ئالدى رەڭ،
مەرت يۈرەكلەر يالقۇنى بار ھەر ئەلەم جەۋلانىدا.

ئەل رىزا بولسۇن دىسەڭ ئەجداتلىرىڭنى ئۇنتۇما،
ئىز بېسىپ مەنزىلىسېرى يۈكسەڭ كۈرەش مەيدانىدا.

تۇتىيا بىل ھەر گىيانى، تامچە سۇ، تۇپراقنى ھەم،
ئەل ئۆچۈن كەلتۈر شەرەپ ئەيلەپ ۋەتەنگە جان پىدا.

1979 ـ يىل.

## «ئون يىل»

بىرنەچچە «ئون يىل» بار كىشى ئۆمرىدە،
«ئون يىل»دىن «تۆت»نىلا ھالقىدىم ئاران.
«ئاقاردى ساقىلىم، ئاقاردى چېچىم،
«ئۈچىنچى» «ئون يىل» نىڭ ئىچىدە تامام.

ھە ئەمدى تۇرقۇمغا قاراپ بەزىلەر،
قېرىلار ئورنىنى قىلار ئىلتىپات.
گەرچە مەن ئىچىمدە بەرمىسەممۇ تەن،
نەھاجەت سورۇنغا ئىززاھات ـ ئىسپات.

تاياق ۋە قالپاقلار ئەۋجىگە چىققان،
شۇ مۇدھىش يىللارنىڭ ئىزى ئەسلى بۇ.
ئېچىنار شۇ ئۆتكەن ئۆمرۈمگە كۆڭلۈم،
بوپ قالدى ئۆمرۈمنىڭ غازاڭ پەسلى ئۇ.

1980 ـ يىل.

## تونۇلار مەيداندا مەرت

كىم دىگەي بۇلبۇلنى كۆيچى كۆيىدىن دىل ئاچمىسا،
ئەتىۋالار كىممۇ گۈلنى خۇش ھىدىنى چاچمىسا.

تاللىغاي دۇلدۇلنى بەيگە، بەيگىدىن دۇلدۇل چىقار،
نەھاجەت دۇلدۇللىغى بولغاندا بەيگە چاپمىسا.

تونۇلار مەيداندا مەرت پۆككەچكە ياۋنىڭ بىلىنى،
مەرت ئاتالماس ھىچ كىشى مەيداندا شۆھرەت تاپمىسا.

كىمكى شۆھرەت ئىستىسە كەلتۈرۈر ئەلگە شەرەپ،
شۆھرىتى داستان بولۇر شۆھرەتكە لاپنى قاتمىسا.

1980 ـ يىل.

## ئىختىرا ھەۋىسى باشلىنار شۇنداق

ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى ئىنتىرىپ،
يەتتە ياش ئوغۇلنى دۆشكەلەپ ئانا:
ــ ملتىغىڭ تۇرۇقلۇق بازاردىن ئالغان،
نىمىشقا ياغاچتىن ياسايسەن يانا؟

دەستىگىدىن بىردەممۇ تۇرماس ئۆي تازا،
يونۇغان ياغاچقا تولغىنى تولغان.
يوقالغىن كۆزۈمدىن، كىرگۈچى بولما،
قىلمىغىن ئۆيۈمنى ئىككىنچى مالىمان.

— چىچىلماڭ بالىغا ئارتۇقچە ھەدە،
ئىنتىلگەن يولىدىن سىز توسىماڭ ھەرگىز،
شۇ كىچىك مودېلدىن تونۇپ ھاياتنى،
تەسەۋۋۇر كۆلىدە ئۈزسۇن ئوغلىڭىز.

گەرچە ئۇ ياسىغان مىلتىق يەتمىگەن
بولسىمۇ بازاردىن ئالغانغا تەھقىق.
كۆرسىتەر بىراق ئۇ بالا ئېڭىدا
ئىجادىي ئىنتىلىش سۈرگىنىنى بىخ.

چىچىلماڭ بالىغا ئارتۇقچە ھەدە،
ئىنتىلگەن يولىدىن سىز توسىماڭ پەقەت.
ئىختىرا ھەۋىسى باشلىنار شۇنداق،
ئىخ ئۇنى قەدىرلەش بىز ئۈچۈن قىممەت.

1981-يىل.

# تۇرپان ئۈزۈمى

زىيارەت ئەيلىسەڭ پات-پات ئۈزۈمىنىڭ كانى تۇرپاننى،
خۇشاللىق ئىلكىدە دائىم باسالماسمەن ھاياجاننى.

يارالغان چوڭ دېڭىز گويا بۇ يەردە بىھېساپ تەكتىن،
ئېلىپ قوينىغا ھەر تۈپ تەك تۈمەنمىڭ ئۈنچە-مارجاننى.

قىزىل سايىۋا قىزارغان خوپ قىزىل ياقۇت كەبى چاقناپ.
بولۇپ ئالتۇن بىلەن رەڭداش بېزەر ئاق سايىۋا بوستاننى.

ئېرىپ تاڭلايدا بال ئوخشاش بېرەر ھەردانىسى لەززەت،
ئۈنىڭ شېرىن گۈلابىدىن قاتارمەن جانغا سەن جاننى.

دىمەكىم يوق ئەمەس دۇنيا قۇچاغىدا ئۈزۈم ئەسلا،
قىلار ئۇشبۇ ئۈزۈم مەپتۇن تېتىپ كۆرگۈچى مېھماننى.

تۆكۈپتۇ تەر ئەمەس گويا تامامى مېھرىنى تەككە،
ئۈزۈمزار باغۇنى رازى ئېتەرگە بارچە ئىنساننى.

1981-يىل.

## سازەندە ناخشىسى

مېنى ۋەتەن مېھرى جۇشقۇن سازەندە قىلدى،
شوخ بۇلبۇلدەك ناخشا ـ كۈيگە پەيۋەندە قىلدى.

جان رىشتىمنى ئەيلىدىم تار دۇتارىمغا مەن،
دۇتارىم دىل ئاھاڭىمنى جەۋلانە قىلدى.

ياڭراپ ناخشام خۇددى باھار تاشقىنى ئوخشاش،
تاڭ ساباسى كەبى ئەلنى سەيلانە قىلدى.

توختىماسمەن شات ناخشامنى تۇۋلاپ ئەبەتكە،
غەلىبە ـ زەپەر كۈيى دىلنى پەيمانە قىلدى.

1981 ـ يىل.

## ياشلىق

ھاياتلىق مەۋسۇمى ئىچرە ئۆمۈرنىڭ ئۇز گۈلى ياشلىق،
ھاياتىڭ بولسا گەر ناخشا ئۇنىڭ شات مەرغۇلى ياشلىق.

قۇرار ئۆز كەچمىشى بىرلە ئۆمۈر بىناسىنى ھەركىم،
مەگەر ئۇسىردىشار كۆك ئىلە ئۇنىڭ مەھكەم ئۇلى ياشلىق.

شۇ ياشلىق مەۋسۇمى پۇرسەت قىلىشقا ئۆزىنى پەرۋىش،
گويادان ئەكمەككە ئەك لايىق باھارنىڭ سىمۋولى ياشلىق.

شۇڭا سەن تۇتمىساڭ مەھكەم، ساڭا باقماس بۇ ئالتۇن پەيت،
ئۆتەر ئاققان سۇدەك ياكى بولۇپ بىر دۇلدۇلى ياشلىق.

شۇ ياشلىق پەيتىنى چىڭ تۇت ئۆگەنمەك ئىستىسەڭ كۆپلەپ،
گۈزەل غايەڭگە يەتكۈزگەي بولۇپ ئۆمرۈڭ رولى ياشلىق.

1981 ـ يىل.

## ھەۋەسكار

ھەۋەس قىلماق يېتىشتۇرگەي ھەۋەسكارنى،
ھەۋەسسىز كىم تۇتار ئاشنا كەسىپ ـ كارنى.

ھەۋەس قىلغاچ كۆرەر گۈل ۋەسلىنى بۇلبۇل،
كۆيى بىرلە قىلىپ شاددىمانە گۈلزارنى.

ھەۋەس بىر بىخ، نە بىخسىز كۆكلىگەي گۈلزار،
قىلار ئەھيا شۇ بىخ بەلكى چىمەنزارنى.

ھەۋەسكار بوپ تۇتار ئىش پىشىنى ئەۋلات،
ئىلىم كۆرگەي ئۇنىڭدىن تەڭلا سەردارنى.

ھەۋەسكار مەن كۆرۈشكە ئەلدە ھەر سەپتە،
ھىساپسىز چىن ھەۋەسكار ئىزباسارلارنى.

1981 ـ يىل.

## سەنئەت

كۆڭۈلگە زوق بىرەر ھەردەم بولۇپ دىل ھۇزۇرى سەنئەت،
كۆڭۈلنىڭ ئۆلپىتى، زوقى ۋە كۆركى، خۇشتىرى سەنئەت.

ئۇنىڭغا باغلىماي رىشتە خۇشال ئۆتكەن كىشى بارمۇ،
ھاياتلىق گۈلشىنى ئۆزرە كىشىلىك دىلبىرى سەنئەت.

ئۇنىڭسىز قىزىماس سورۇن، ئۆتەر بىمەزە ھەم تويمۇ،
خۇشاللىق ئەۋجىگە چىقسا، شۇ ئەۋجى مۇنبىرى سەنئەت.

ۋە ھەتتاكى ئۆلۈمگە ھەم بارار ناخشا بىلەن مەرتلەر،
كىشى قەلبى غۇرۇرىنىڭ نۇرانە تەسۋىرى سەنئەت.

ياشار سەنئەت بىلەن خەلقىم بولۇپ بىر جان، بولۇپ بىر تەن،
قوشار جانىڭغا جان ھەم روھ، شىپالىق كەۋسىرى سەنئەت.

تالاي ئەجدادۇئەۋلاتلار ھامان سەنئەتنى يار تۇتتى،
گويا ئىنسان ھاياتىنىڭ كى قامۇس ـ دەپتىرى سەنئەت.

كىشلىك تۇرمۇشى دائىم بارار مەزمۇن بىرىپ ھەردەم،
چاچار نۇر قانچە سۇرتكەنچە ھايات ئەڭگۈشتىرى سەنئەت.

ئەسىرلەر كۆكسىدە ياڭراپ ئۆتەر يىل تاغلىرىدىن ھالقىپ،
يىتەر ئەۋلاتمۇئەۋلاتقا بولۇپ تۇرمۇش خورى سەنئەت.

ئۆتەر ئايلار، ئۆتەر يىللار، ئۆزۈلمەس يولى سەنئەتنىڭ،
تۈزەر ئۆز ئەھلىدىن كارۋان تىپىپ كۆپ مۇشتەرى سەنئەت.

1981 ـ يىل.

## ناخشا

كىممۇ ياخشى كۆرمەس ناخشىنى،
ناخشىسىز ھىچ ئۆتمەيدۇ ھايات.
سۈت بىلەن تەڭ كىرگەن تەنگە ئۇ،
ئانا كۈيى بۇنىڭغا ئىسپات.

بولسا كىشى ئۆمرىدە بىر دەريا،
ناخشا ئۇنىڭ شاۋقۇنى گويا.
دەريا شاۋقۇنسىز ئاقالمىغاندەك،
كىشى ناخشىسىز ياشالماس ئەسلا.

ناخشا بولۇپ كەلدى زور تارىخ،
سانسىز يىللار ئۈستىدىن ھالقىپ.

يورۇتتى ئۇ ئەلنىڭ دىلىنى،
ئۇپۇق يارغان قۇياشتەك بالقىپ.

ناخشا بىلەن كىردى جەڭگە ئەل،
ناخشا بىلەن قولغا تىغ ئېلىپ.
ناخشا بىلەن ھالقىدى داۋان،
ياۋغا دەھشەت، زىلزىلە سېلىپ.

ئۇ شامالدەك كېزىپ ھەر يانىنى،
ئاب ھاۋادەك يېيىلدى تەكشى.
بولماس توسۇپ شامالنى ئەسلا،
يوق شامالنىڭ تىغدىن تەشۋىشى.

ئەكس ئەتتى شۇ ھالدا ناخشا،
ئەلنىڭ يۈكسەك ئىرادىسىنى.
ناخشا بىلەن سىڭدۈردى ئەجدات،
ئەۋلاتلارغا ئۆز غايىسىنى.

سۆيگەن كەبى ئەجدادىمىزنى،
سۆيىمىز بىز ناخشىنى شۇڭا.
ھەر ناخشا بىر دەۋر سىمۋولى،
تارىخىمىز پۈتۈلگەن ئاڭا.

بولدى بىزنىڭ يېڭى دەۋرىمىز،
ناخشىلارنىڭ چەشمە بۇلىغى.

هەر غەلبىمىز تۇغار يېڭى كۈي،
دەۋرىم زەپەر ـ شانىنىڭ قۇچىغى.

1981 ـ يىل.

## يىللار شاتلىقى

كېلىسەن ئۈزۈلمەي يىللار كارۋىنى،
ئۈزۈلمەي ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇرىسەن.
كېلىسەن ھاپاشلاپ زادى نىمىنى،
بۇ يەردىن نىمىنى ئېلىپ كېتىسەن.

ئۆتۈشۈڭ ئالدىمدىن ھەر نۆۋەت سېنىڭ،
يېشىمغا ياش قوشۇپ تۇرىدۇ دائىم.
ياشلىقىم پەسلىنى ئوغۇرلاپ شۇڭا،
قەلبىمگە سالالماقچى بولامسەن ۋايىم.

ئەي يىللار ئوخشايسەن ئاققان سۇلارغا،
ئېقىمىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرىدۇ.
قوينۇڭدا يېڭىلىق يارىتىپ خەلقىم،
ساڭىمۇ يېڭىچە مەزمۇن بېرىدۇ.

ھولۇقۇش ـ تارتىنىش يات شۇڭا بىزگە،
يىللارنىڭ ئالدىدا قۇرغاندا سۆھبەت.

كەشتىدەك چاقنايدۇ ھەر يىل قوينىدا،
ئىجتىھات، ئىجاتتىن ئاچقان يېڭى بەت.

ئەنە شۇ بەتلەردىن تۈزۈلگەن قامۇس،
يۈكسىلىش ـ ئۆرلەشنىڭ يارقىن سىمۋولى.
ئەنە شۇ ئۆرلەشنى دىسەك بىر پويىز،
يىللار شۇ ئۆرلەشنىڭ داغدام بىر يولى.

شۇ يولدىن ئۆرلەيمىز يۈكسەككە قاراپ،
جانىجان ۋەتەننى بېزەشكە ھەردەم.
شۇڭلاشقا ھەر يىلنى قىلىپ تەنتەنە،
ئالدىغا زوق بىلەن كۈتۈپ ھەر ئادەم.

كەل قېنى يېڭى يىل، كۈتىمىز سېنى،
كۈتىمىز ئۆرلەشنىڭ پۇرسىتى بىلىپ،
ئالتۇندىن قىممەتتۇر ھەر بىر دەقىقەڭ،
ۋەتەننى گۈللەشتە ھەردەم جان تىكىپ.

1983 ـ يىل.

# باللادىلار

## ئۆكتەبىر نۇرىدا

ئۆركەشلىسە دىلدا شاتلىق ئېقىنى،
چېقىلمامدۇ كۆزدە شاتلىق چېقىنى.
ئىستىمەمدۇ ئاگا ئورتاق بولماقنى،
ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس ھەر يېقىنى.

كۆلۈپ كىردى نادىر ئاكا ئىشىكتىن،
چەكسىز شاتلىق ھېسسى بىلەن روھلىنىپ.
ئاتتى ئاگا قىزى ئۇنچە ئۆزىنى،
ئايالىمۇ باقتى ئاگا زوقلىنىپ،

دېدى نادىر: باھالاندى سېخىمىز،
ئۈلگە بولۇپ سۈرئەتتە ھەم سۈپەتتە.
قىلماقچىمىز مەھسۇلاتنى نامايىش،
ئۆكتەبىردە بولىدىغان كۆرەكتە.

ياخشى دېدى ئايال تولۇپ شاتلىققا،
ئەگىپ قالدى كۆزلىرىدە تامچە ياش.

— ھەر كىشىنىڭ چىن ۋىجدانى بۇرچى،
ئۆكتەبىرگە شۇنداق سوغا تەييارلاش...

بولۇپ بىراق سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ،
ئادىتىچە سوئال سوراپ قالدى قىز.
"ئۆكتەبىر" دەپ ئېيتىلىدۇ نېمىگە،
چۈشەندۈرۈپ بەرگىن ئاتا ماڭا تېز.

دىلدا ئويناپ چىن ئاتىلىق غۇرۇرى،
خۇشال كۈلۈپ باقتى نادىر قىزىغا،
سۆيۈپ ئېلىپ نۇر ئوينىغان چېھرىدىن،
ئولتۇرغۇزدى ھەمدە ئۇنى تىزىغا.

— سۆزلەپ بەرسەم بۇ توغرۇلۇق مەن ساڭا:
ئۇ بىباھا ئۇنتۇلغۇسىز ئۇلۇغ كۈن.
قارا مۇدھىش زۇلمەتلەرنى يىمىرىپ،
ئەل دىلىغا چىراق ياققان نۇرلۇق كۈن.

مانا بۇندىن ئون يىل بۇرۇن بۇ ئەلنى،
زۇلمەت، تۇمان، دەھشەت بوران قاپلىغان.
باي-زالىملار ھۆكۈم سۈرۈپ ھۆركىرەپ،
ئەل بېشىدا قامچا تىنىماي ئوينىغان.

ئۇ ۋاقىتتا تۇغۇلمىغان ئىدىڭ سەن،
باسقان ئىدى بىزنى چەكسىز قايغۇ-غەم.

كەچ كىرگىچە تۆت كوچىدا دۇمچىيىپ،
موزدۇزچىلىق قىلار ئىدىم كۈندە مەن.

بىر كۈنى بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى،
كېلىپ قالدى بازارلارنى ئايلىنىپ.
يىرگەنگەندەك كىيىمىمدىن ئۆزىچە،
كالپۇك پۈرۈپ قاراپ قويدى ئالىيىپ.

— نىمە بولدى؟ — دىسەم قاراپ كۆزۈمگە:
— ئىسمىڭ نىمە؟ — دەيدۇ ئېلىپ دەپتەرنى.
— نادىر، — دىسەم دەپتىرىنى ۋاراقلاپ،
بىلجىرلىدى بولمىغۇر بىر گەپلەرنى:

— سەن بۇ يەردە ئىش قىلغانغا توپ-توغرا
ئۈچ يىل بوپتۇ ھىساۋىمغا قارىسام.
تۆلىمەپسەن لېكىن بىرمۇ ئىجارە،
بولماس بۈگۈن ئۇنى سەندىن ئالمىسام.

— كىم تۆلەپتۇ؟ — دىسەم شىلتەپ قولىنى،
دىدى — تولا تاكاللاشما مەن بىلەن.
ئەتىلىككە نەق قويمىساڭ ئالدىمغا،
قامىتىمەن دۆڭ يامۇلغا سېنى مەن.

ھەيران بولۇپ قاراپ قالدىم تېگىرقاپ،
قايناپ تاشتى ۋۇجۇدۇمدىن غەزىۋىم.

مىنى بوزەك قىلماقتا ئۇ ئوپ-ئوچۇق،
كەمبەغەللىك ئىدى پەقەت ئەيىۋىم.

قولۇم ئىشقا بارماي ئۆيگە ياندىم مەن،
قالدى ئۇچراپ يولدا ئىمام ئالدىمغا.
دىدى: نىمە بارمايسەن ھە مەسچىتكە،
كەلتۈرمەمسەن خۇدانىمۇ يادىڭغا؟

— بارمىسامىمۇ مەن مەسچىتكە ھەر كۈنى،
ئۆيدە ئۆتەپ تۇردۇم تەقسىر تەرك ئەتمەي.
دىدى ئىمام: — شۇڭا سىنىڭ چاپىنىڭ،
قاپتۇ پەقەت تىزدىن نىرى ئۆتەلمەي.

زىق تىققاندەك بولدى بۇ گەپ يۈرەككە،
قاپاقلىرىم غەزەپ بىلەن تۈرۈلدى.
— بولدى شۇنداق ئۆتۈۋىرەي خۇدانىڭ
شۇ بولسىلا پىشانەمگە پۈتكىنى.

سىلى خۇشال ياشاۋەرسىلە ئالەمدە،
تەقۋالىقنى قولدىن بەرمەي ھەركۈنى.
— بولدى كاپىر ۋالاقلىما ئالدىمدا،
بىر تونۇتاي شەرىئەتنىڭ كۈچىنى.
خاتالاشتىڭ ئەتە تارتقىن جاجاڭنى،
— دەپ ئايلىنىپ كەتتى يوغان كوچىنى.

ياتار ئىدىم تاتلىق ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپ،
كىمدۇ بىرى تاقىلداتتى ئىشىكنى.
— كىم سەن؟ — دېدىم دەرھال تۇرۇپ ئورنۇمدىن.
— ئىمام، مەزىن چاقىرىدۇ بول سېنى.

ئارقىسىدىن ماڭدىم ئېگىپ بېشىمنى،
قوي بۆرىدىن يىرگىنگەندەك تارتىشىپ.
سىقىرايدۇ تەنۇجېنىم بىر بالا —
چېقىۋاتقاندەك پۇت-قولۇمدىن يامىشىپ.

تاڭ سۆزۈلۈپ كۆكتە چولپان كۆلگەندە،
يېتىپ كەلدۇق چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا.
پاراڭلىشىپ تۇرغان خەقلەر قايرىلىپ،
قاراپ قويدى كۆزلىرىنىڭ قىرىدا.

ئىمامۇ ھەم يەڭلىرىنى شىمايلاپ،
ئېلىپ چىقتى قۇم سېلىنغان دەررىنى.
ئۇرۇپ ئەنە شۇنىڭ بىلەن تېنىمگە،
ئالماق بولدى تۈنۈگۈنكى دەردىنى.

غەزەپ بىلەن مەن تۇرىمەن غادىيىپ،
كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنايدۇ ۋاللىداپ،
چىشلىرىمنى كىرىشتۈرۈپ، مۇشت تۈرۈپ،
تىترەيمەن غەزەپ بىلەن چاقىلداپ.

ھەي، ئادالەت بۇ جاھاندا بارمىكەن؟
زومىگەرلىك بۇلارغىلا يارمىكىن.
شەرىئەتنىڭ زەنجىرىگە باغلاندىم،
"خۇدايىمنىڭ رەھمەتلىرى" تارمىكىن.
باي قولىدا ئويناقلايدۇ دەررىسى،
بۇ دۇنيادا كەمبەغەللەر خارمىكەن.

مۇدھىش قولدا ئويناپ دەررە شۇ ھامان،
قاتراڭ گۆشنى ئىككى ئايرىپ تاشلىدى.
بەزى خەقلەر — خوپ بولدى دەپ قاقاقلاپ،
بەزى خەقلەر كۆزلىرىنى ياشلىدى.

بىر چاغلاردا ئاچسام يۇمغان كۆزۈمنى،
يېتىپتىمەن ئۆيىمىزدە تولغۇنۇپ.
ئاپاڭ بايقۇش ياقىسىنى ھۆل قىلىپ،
يىغلار ئىكەن باش ئۇستۇمدە ئاھ ئۇرۇپ.

— يىغلىمىغىن دېيىشىمگە تاراقلاپ،
كىردى ئىككى چىرىك ئىچىپ ئىشىكنى.
— بەرمىگەچكە، ئەندى زىندان ماكانىڭ،
موزدۇزچىلىق قىلغان يەرنىڭ بېجىنى.

دەپ يەلكەمدىن تۇتۇپ ئالغا ئىتتىرىپ،
ئېلىپ ماڭدى دۆڭ يامۇلغا تۇغرىلاپ.

چىدالماستىن ئاپاڭ دەرتلىك ئاھ ئۇرۇپ،
قالدى يىغلاپ چاچلىرىنى مىجىغلاپ.

*　　　　*　　　　*

يامۇل ئىچى قاپ-قاراڭغۇ گۆرلۈكتەك،
دەم ئالغۇسىز سىپسىق، ھەمدە قىستاڭ تار.
قىمىرلاشقا بولماس كىشى زەررىچە،
قولدا كويزا، پۇتتا كىشەن شاراقلار.

گۇدۇڭلىشىپ سالساق پاراڭ، "جىم يات" دەپ،
باش كېسەرلەر ئىشكلەرنى ئۇرۇشار.
كۈندە قىيناپ ئۇرۇپ تالاي كىشىنى،
بىھۇش قىلىپ، سۇنايلىتىپ ياتقۇزار.
بەزىلەرنى "خائىن سەن" دەپ كۆيدۈرۈپ،
قارا يەرنىڭ نەق تەكتىگە ئۇزىتار.

*　　　　*　　　　*

قولىمىزنى تىرەك قىلىپ ئىگەككە،
ئولتۇراتتۇق ھەسرەت بىلەن قان يۇتۇپ.
گۈمبۈرلىگەن توپ ئاۋازى توساتتىن،
قويدى بىزنى سۇ سەپكەندەك چۆچۈتۈپ.

بەزى خەقلەر خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ،
ھۇررا! توۋلاپ قاماقنى بىر ئېلىشتى.
بەزى خەقلەر ھاڭ-تاڭ بولۇپ قايمۇقۇپ،
ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي قېلىشتى.

بىر چاغلاردا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ،
جالاق-جۇلۇق قىلىپ يەرگە يىقىلدى.
ئەسىر بويى كۈن چۈشمىگەن زىندانغا،
ئۆكتەبىرنىڭ تۇنجى نۇرى چېچىلدى.

ھۆررا بىلەن ئالغا قاراپ كىشىلەر،
يورۇق دۇنيا قۇچىقىغا ئېتىلدى.
چېككىسىگە يۇلتۇز تاقىغان جەڭچىلەر،
قۇچاق ئېچىپ بويىنىمىزغا ئېسىلدى.

سۆيۈنۈشلەر ئىلكىدە كەڭ جاھاننى.
خۇشال كۈلكە ئۈنلىرىمىز قاپلىدى.
كۆكتە قۇياش كۈلۈمسىرەپ نۇر چېچىپ،
باغدا بۇلبۇل ئۇرغۇپ-ئۇرغۇپ سايرىدى.

مانا قىزىم شۇندىن بېرى زادىلا،
باشلىرىمغا ئېغىرچىلىق چۈشمىدى.
چۈنكى مېنىڭ يۈرەك باغرىم تامامەن،
ئۆكتەبىرنىڭ نۇرى بىلەن يورۇدى...

دەپ، نادىر ئاكام سىلاپ قويۇپ ساقالنى،
قاراپ قويدى ئۈنچە گۈلنىڭ كۆزىگە.
دادىسىغا قاراپ تۇرغان ئۈنچە گۈل.
بېسىپ ئالدى ياغلىقىنى يۈزىگە.

چۈنكى بايا نادىر ئاكام ئۆتمۈشنى،
سۆزلىگەندە بىر ئازراقلا ئولتۇرۇپ.
چىدالماستىن ئۇنچە گۈلنىڭ يۈرىگى،
قالغان ئىدى، كۆزلىرىگە ياش تولۇپ.

ئازاتلىققا ئۆتكەندە ئۇ شاتلىنىپ،
يۈرەكلىرى بىلىققا ئوخشاش ئوينىدى.
تىكىلگەندە دادىسىنىڭ كۆزلىرى،
يامغۇر توختاپ كۈن چىققاندەك تويۇلدى.

1959 - يىل.

## سەرگۈزەشت

ئىسىلدى بەيتاغا شەپەقتىن شەلپەر،
تون كىيدى شەپەقتىن بىيخەي باغچىسى.
كۆل سۈيى جىمىرلار ئالتۇندەك چاقناپ،
ئەكسىدە جىلۋىلىك ئاسمان پارچىسى.
ئولتۇرۇپ قولقۋاقتا جۈپ - جۈپ قىز - يىگىت،
بارىدۇ شۇ كۆلدە ئوينىتىپ پالاق.
لىۋىدە تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە نۇر،
يىپيىشقان مۇرىلەر، ئىغىزغا قۇلاق.
جاراڭلاپ قالىدۇ خۇشال كۈلكىلەر،
ياڭرايدۇ زوق بىلەن ئوقۇلغان قوشاق.
تارايدۇ شوخ شامال يىپەك چاچلارنى،
تارقىلار ناخشىلار ئۇزاقتىن - ئۇزاق.

ئاھ قانداق كۆكۆللۈك ياشلار سەيلىسى؟!
كەلمىسۇن كىمنىڭمۇ ئاڭا ھەۋىسى؟!
دەل شۇ چاغ بەيتانى ئەيلەپ زىيارەت،
سىلجىدى توۋەنگە بىر قىز، بىر يىگىت.
ھاياجان قاپلىغان ھەر ئىككىسىنى،
شاتلىقتىن يۈزلىرى تۇراتتى يېنىپ.
باقاتتى ھەممىگە ئۇلار ھەۋەستە،
سۆزلىشىپ كېتەتتى ھەمدە بەس-بەستە.
قالدۇرۇپ شۇ ھالدا ئارقىدا تاغنى،
شۇ كۆلنىڭ يېنىغا كەلدى بىر پەستە.
ۋە لېكىن بۇرۇلۇپ كۆل تەرەپكە قىز،
يۈزىدىن تەبەسسۇم ئۇچتى شۇنچە تېز.
ئويغانغان كىشىدەك يامان چۈش كۆرۈپ،
دىدى ئۇ يىگىتكە چۆچۈپ: نىمە...سىز...
ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى يىگىت،
تۇغۇلدى كۆڭلىدە خىلمۇ-خىل سوئال.
نىمە ئىش ئۇنىڭغا قىلغاندۇ تەسىر،
نىمىنى بىلدۈرەر بۇ تەسەددىپ ھال؟
بىراق ئۇ كۆڭلىدە كەزگەنلىرىنى،
ئۈلگۈرۈپ يەتمىدى سوراشقا قىزدىن.
قىز گويا قاچقاندەك بۇرۇلۇپ ئارتقا،
يوقالدى دەرەخلەر ئىچىدە تېزدىن.
— ئاھ، — دىدى چۆچۈشتىن تاتىرىپ يىگىت،
ۋۇجۇدى ياپراقتەك كەتتى تىترەپ.

يوقىتىپ شۇ ھالدا خۇدىنى تامام،
بىرىلدى خىيالغا دەپ: بۇ نىمە گەپ؟...
بىلەتتى قىزنى ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان،
كۆرمىگەن بىراقتا بۇنداق ھالدا ھىچ.
سۆزلەيتتى يوشۇرماي كۆڭلىدىكىنى،
باغلايتتى ئالاقە دوستلار بىلەن زىچ.
داشىۆدە ساۋاقداش دوستلىرى ئارا،
تاپتى ئۇچىن ھۇرمەت شۇ ئادەت بىلەن.
سايلايتتى ھەر ئىشتا ئۇنى ئۇلگە قىپ،
ئىشلەيدۇ دەپ ئىشنى ساداقەت بىلەن.
شۇنداق بىر قىزچاققا بولغىنىغا يار،
بىزنىڭ بۇ يىگىتنىڭ كۆپتى شاتلىغى.
ۋە لېكىن ئۆتمەيتتى ئانچىلا خوشال،
بۇلارنىڭ ۋايىغا يەتكەن ياشلىغى.
چۈنكى شۇ مەزگىلدە تۆت كىشلىك گۇرۇھ،
ياغدۇرۇپ تۇراتتى بالايى-ئاپەت.
چىققاندى مائارىپ ئىزىدىن تامام،
ئۇرۇلۇپ جاۋشۇلار چەككەن نادامەت.
ماختىلىپ ئاق قەغەز تاپشۇرغان دۆتلەر،
تىرىشچان ئەۋلاتلار قېقىلغان چەتكە.
ئەل-ۋەتەن ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان،
ئوغلانلار يۈرىگى تولغان لىق دەرتكە.
سۆزلەيتتى قىز — شياۋمېي ئۆرتىنىپ ھامان،
شياۋخۇڭ! — دەپ يىگىتكە قىلىپ ئىلتىجا.

بىلەمسەن بەزىلەر كىيىپ قىزىل تون،
بارماقتا نىشاننى بوراپ قاياقتا؟
— بىلمەن، — دەر ئىدى شياۋخۇڭ ئاھ ئۇرۇپ، —
جۇڭگونىڭ تەقدىرى كېتەر نىم بولۇپ.
توگەتتى پىشقەدەم بارچە رەھبەرنى،
ئۇستىگە قالپاق ھەم تاياق ياغدۇرۇپ.
ۋە لېكىن ماۋجۇشى ھاياتتۇر تېخى،
قەدىردان زۇڭلىمۇ تۇرۇپتۇ ھەغدا.
سالدۇ ئىشلارنى جەزمەن ئىزىغا،
بەتنىيەت شۇملارنى قالدۇرۇپ داغدا،
دىمەككى ئۇلارنىڭ تەتۈر قويۇنى،
باھاردا بوپ ئۆتكەن جۇدۇن بىلەن تەڭ،
پارلايدۇ بەربىر باھار ئاپتىۋى،
تارقىتىپ جۇدۇننى، گۈل ئېچىپ ھەررەڭ...
ئاشۇنداق بەزلەش ھەم بەزلىنىش بىلەن،
ئاردىن نەچچە يىل ئۆتتى تىزىلىپ.
زورايدى تېخىمۇ بۇلۇت قەۋىتى،
ئەندىشە ئۇستىگە ئەندىشە سېلىپ.
ئەنە شۇ بۇلۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرى،
ئۇرۇلدى يۈرەككە ماتەم نەشتىرى.
قەدىردان زۇڭلى ئۆتتى ئالەمدىن،
قان قىلدى دىللارنى بۇنىڭ خەۋىرى.
ھەسرەتلىك دىللاردىن ئۇرغىدى يىغا،
كۆزلەردىن بۇلاقتەك ئېقىپ چىقتى ياش.

تيەنئەنمېن ئالدىدا-شۇ كەڭ مەيداندا،
ئېگىلدى ماتەمدە مىليونلىغان باش.
ۋە لېكىن نىقاپلىق ئالۋاستىلارنىڭ
چۆمۈلدى ۋۇجۇدى شاتلىق پەيزىگە.
تۇسۇشۇپ تەزىيە يىغىنلىرىنى،
چۇشۇرمەك بولدى داغ زۇڭلى شەنىگە.
مۇمكىنمۇ يول قويۇش بۇنىڭغا ئاخىر،
يول قويۇپ چىدىسۇن كىمنىڭمۇ كۆڭلى.
زۇڭلى ئۇ ۋەتەننىڭ پەخرى-غۇرۇرى،
خەلقنىڭ ئىرادە ئىستەك سىمۋولى.
دىمەككى زۇڭلىغا قىلىنغان ھۇجۇم،
خەلققە قىلىنغان ھۇجۇم بىلەن تەڭ.
ھۇجۇمغا باش ئەگمەك نامەرتنىڭ ئىشى،
دىمەككى كۈتمەكتە ئەلنى يېڭى جەڭ.
يادىدا يىگىتنىڭ شۇ چاغ قېشىغا
كەلگىنى شياۋمېينىڭ ئوت كەبى يېنىپ.
دىگەن ئۇ يىگىتكە: بۇرادەر شياۋخۇڭ،
قالمىدى تاقىتىم غەزىۋىم تېشىپ.
شۇنچىلىك خورلۇق ھەم زورلۇق ئالدىدا،
ئويلايمەن نىمىگە كېرەك ماڭا باش.
مەن ئۇنى تەلتۆكۈس ئاتىماقچىمەن،
نىقاپلىق جىنلارنى ئەيلىمەككە پاش.
تيەنئەنمېن ئالدىدا چىقماي نىشانەم،
قۇربانلار مۇنارى سۆيۈنچۈم تاغىم.

چاچمەن پاش قىلىش ۋاراقلىرىنى،
بولسۇن، دەپ هاياتتىن ئەلگە ئىنئامىم.
ئوقۇسۇن خەلقلەر ئۇنى زوق بىلەن،
ئوت ئاچسۇن مەن تەمسن ئەتكەن ئوق بىلەن.
تىتىرىسۇن نىقاپلىق جىن-ئالۋاستىلار،
توسالماي بۇ كۆچنى تەهدىت-دوق بىلەن.
شياۋمېيىنىڭ سۆزىدىن ياندى ئوت بولۇپ،
شياۋخۇگىنىڭ مۇسىبەت قاپلىغان دىلى.
تۇيۇلدى شۇ بىلەن گويا بۇلۇتنى.
قاق يېرىپ بىر چاقماق چاقنادەك ھىلى.
دىدى ئۇ: (ۋۇجۇدى كېلىپ لەرزىگە)،
سۆزلىرىڭ ئىگىدۇر چوڭقۇر مەنىگە.
ئوت ئېچىش زۆرۈردۇر، مەيلى كىمدۇكىم
چۇشۇرمەك بولسا داغ زۇگلى شەنىگە.
نىقاپلىق بىر ئۇچۇم شۇجىن ئالۋاستى،
ئىستىبدات تۇغىنى كۆتەردى-ئاستى.
خەلقنىڭ زۇگلىغا تەزىيىسىنى
هېيىقماي يالغاچ توسۇدى-باستى.
ئايانكى ئاچماققا تىرىلىشكە يول
بولىدۇ شۇ ئۇلۇغ نامنى ئۆچەرمەك.
ۋە لېكىن چۇشمەيدۇ ئانچە ئاسانغا،
شۇ ئۇلۇغ ئوبرازنى دىلدىن كۆچەرمەك.
مېنىڭمۇ ۋۇجۇدۇم-باغرىم لاغىلداپ،
يانماقتا غەزەپتىن ئوت بولۇپ شۇ تاپ.

ئېتىلغۇم كېلىدۇ رەزىل كۆكسىگە،
گوياكى سىداۋدەك يالتىراپ چاقناپ.
ۋە لېكىن سۆيۈملۈك بۇرادەر شياۋمېي،
بولمايدۇ بۇ ئىشنىڭ ئارتۇق پايدىسى.
ياخشىسى تەشكىللەش كېرەك ئاممىنى،
مانا بۇ كۈرەشنىڭ ئۇسۇل-قايدىسى.
شۇڭلاشقا دوستلۇرۇڭ ئارا تارت يىلتىز،
جەملە ھەم ئۇلارنىڭ غەزەپ-قەھرىنى.
مەنمۇ كۈرەشتە ئاقلاي بۇرچۇمنى،
پارتلايلى بىرلىكتە تېپىپ پەيتىنى.
شياۋخۇڭنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ شياۋمېي،
بېھساپ شاتلىقتا ئۇنىڭغا باقتى.
ئۇزاتتى ئۆمۈرلۈك ھەمدەمگە قول،
دولقۇنلۇق كۆكسىنى كۆكسىگە ياقتى...
يادىدا: نەچچە ئاي ئۆتۈپ ئارىدىن،
كەلدى دەل سېغىنىپ كۈتكەن شۇ پۇرسەت.
گۈل قىيدى مەشۇغى بىلەن بىرلىكتە،
جۇش ئۇرۇپ قەلبىدە زۇڭلىغا ھۆرمەت.
مىليونلار قاتارى كۆتۈرۈپ ئۈنى،
تيەنئەنمېن مەيدانى ئۆزرە يول سالدى.
كۆمۈلۈپ قۇربانلار مۇنارى گۈلگە،
گوياكى باھارنىڭ تۈسىنى ئالدى.
مەرسىيە شېئىرى چاپلىنىپ تامغا،
جەڭگىۋار قوشاقلار ياڭرىدى ھەر يان.

جانلىنىپ بۇ ھالدىن شىياۋمېي تېخىمۇ،
شېئىرلار يېزىشنى قىلاتتى ئارمان.
يازدى ئۇ ئاخىرى شۇنداق بىر شېئىر،
دولقۇنلۇق قەلبىنى ئەتتۇرۇپ ئەكس.
ئوقۇغان كىشىنى ئۈندەپ كۈرەشكە،
ئېيتەتتى بۇ شېئىر چەكسىز كۈچ بەخش.
ئوخشىغان بۇنىڭدا تۆت كىشىلىك گورۇھ،
تىغىدىن قان تېمىپ تۇرغان جاللاتقا.
دېيىلگەن: مىڭ ھەسسە يامان ۋابادىن،
بالايىئاپەت ئۇ پۈتۈن ئەۋلاتقا.
مىڭلىغان گۇناسىز قۇربان بويىندا،
بار ئەنە شۇلارنىڭ قىزىل تىيمىغى.
توختىغان شۇلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن،
قەددىردان زۇڭلىنىڭ راۋان تىنىقى.
پاكلانماس تازىلىماي تۇرۇپ ئۇلارنى،
مۇسىبەت ئاھىدىن ئاسمانۇزېمىن.
نۇر تۆكمەس باھارنىڭ ئاپتىۋىمۇ ھەم،
قۇربانلار روھىمۇ تاپالماس ئىمىن.
بۇ شېئىر چاپلىنىپ ئۆتمەستىن ئۇزاق،
ئوقۇشتى كىشىلەر بەس-بەستە كېلىپ.
ياڭرىدى بەنداۋتى كانايلىرىدىن،
شۇ چەكسىز مەيدانىنى لەرزىگە سېلىپ.
شات ئىدى بۇنىڭدىن شىياۋمېينىڭ دىلى،
بولدى دەپ ئۈنۈملۈك شېئىرنىڭ رولى.

كىم بىلسۇن ئەرتىسى كەلگەندە ئۇلار،
يوق ئىدى شېئىردىن قىلچىمۇ نىشان.
يوقالغان تاغ كەبى گۈلچەمبىرەكلەر،
تازىلانغان پاك-پاكىز بولۇپ ھەممە يان.
يادىدا شىياۋخۇڭنىڭ ئەنە ئاشۇ چاغ
غەزەپتىن تىترەپ كەتكەندى شىياۋمېي.
قايتۇرۇپ بەر مېنىڭ شېئىرىمنى دەپ،
گوياكى ئوتقا ياغ سەپكەندى شىياۋمېي.
مىڭلىغان كىشىلەر كېلىپ ھەركەتكە،
شىياۋمېينىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى تەڭ.
بۇ يوللۇق تەلەپكە ئۇلۇشۇپ شۇ كۈن،
باشلاندى ئەڭ كەسكىن شىددەتلىك بىر جەڭ.
قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىغىمۇ يوق،
خەلقنى ئىلكىگە ئالدى زور قورشاۋ.
ئۇيىندى شىددەتتە تاياق-توقماقلار،
تەڭلەندى بەتلەنگەن مىلتىق ھەم سىداۋ.
— ۋەھشىلەر! ۋەھشىلەر! — توۋلىدى شىياۋخۇڭ،
بۇ رەزىل ھەركەتكە تۇرالماي چىداپ.
كىملەرنىڭ قېنىنى تۆكمەكتە سىلەر،
بۇ قىلمىش قانۇنغا تامامەن خىلاپ!
ئۇرۇلدى شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشىغا
قان بىلەن بويالغان يوغان بىر توقماق.
تىقىلدى كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق،
ئايلاندى يەر-جاھان، چۈشتى تىك مولسلاق.

ياددا شۇ ئىشتىن سېكۇنت ئىلگىرى،
ئاڭلاندى شياۋمېينىڭ ئاۋازى ئاڭا.
— ئاھ شياۋخۇڭ ئۆزەڭنى ئالغىن تېز چەتكە،
كەينىڭدە دۈشمەن بار، قەست قىلار ساڭا!
ئەپسۇسكى كۆزىنى ئاچقىنىدا ئۇ
يوق ئىدى ئەنە شۇ جان كۆيەر يارى.
ئاڭلىنىپ تۇراتتى قۇلاق تۈۋىدە،
ئۆزىدەك ئۇرۇلغان دوستلارنىڭ زارى.

كۆردى ئۇ ئەنە شۇ يارىنى بۈگۈن،
گۇم بولۇپ ئاسارەت تەختى ئاقىۋەت.
ۋە لېكىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇ تۈپتىن،
يوق ئىدى خۇلقىدا بۇرۇنقى ھالەت.
ئەجەبا، — دەيتتى ئۇ قاتقان بويىچە،
چۆچۈيدۇ نىمىشقا ئۆزىدىن-ئۆزى.
نىمىشقا قاچقاندەك كېتىپ قالىدۇ،
نىمىشقا يوق ئەسلا ئىزاھات سۆزى؟...
ئەنە شۇ خىياللار ئىلكىدە يىگىت،
يول ئالدى ئىزدەشكە سۆيگەن قىزىنى.
قىز بولسا مەجنۇنتال ئاستىدا بۇ چاغ،
تۇراتتى قۇچاقلاپ ئىككى تىزىنى.
چۈگۈلغان چاچلىرى ھەش-پەش دىگىچە،
ھاكلانغان تام ئوخشاش تاتارغان يۈزى.
نەگىدۇ تىكىلگەن قاتقان بويىچە،

لىقمۇلىق ياش بىلەن تولۇپ جۇپ كۆزى،
ھە، ئۇنى بېھساپ ئاياش ھېس بىلەن
ئولتۇردى يىگىتنى يېنىغا كېلىپ.
ئۆيىندى بارمىغى پىشانىسىدە،
توزۇغان چېچىنى تەرتىپكە سېلىپ.
تۇتالماي ئۆزىنى بۇقۇلداپ شياۋمېي،
يىگىتنىڭ كۆكسىگە قويدى بېشىنى.
— كەچۈرگىن، مەن سېنى رەنجىتتىم، دىدى،
بۇلاقتەك كۆزىدىن تۆكۈپ يېشىنى.
— ياق، — دىدى باغرىغا چىڭ بېسىپ شياۋخۇڭ، —
رەنجىشتىن خىلىلا يىراقمەن ھېلى.
سېزىمەن خۇلقۇڭدىن ئۆزگىچە بىر سىر.
بولامدۇ شۇ سىرنى ئېچىپ ئېيتقىلى؟
— سىر ئەمەس، — دىدى قىز، — بۇدۇر شىكايەت،
تەييارمەن سۆزلەشكە ئۇنى داۋامەت.
تىڭشىغىن مەن ئۇنى سۆزلەي بىرمۇ-بىر،
سۆزلىمەي ماڭىمۇ ئارام يوق پەقەت.
نۇرلۇنۇپ شۇ بىلەن شياۋمېينىڭ كۆزى.
ياڭرىدى يۇرەكنى ئەزگۈچى سۆزى.

تيەنئەنمېن مەيدانى ئارا يۇز بەرگەن،
شۇ ۋەقە ئەمدىلا باشلانغىنىدا.
رەھىمسىز توقماقتىن يىقىلىپ شياۋخۇڭ،

دەھشەتلىك تۇرمىگە تاشلانغىنىدا.
غەزەپتىن پەلەككە ئۆرلەپ جۇدۇنى،
يوقاتتى تامامەن شياۋمېي خۇدىنى.
چىقىسمۇ ئەۋجىگە ئىككى يىلىدا
توقماقلار ئاۋازى، ئەلنىڭ ئاھ زارى،
ئاڭلىماس ئىدى ئۇ، كۆرمەس ئىدى ھەم،
بار ئىدى قەلبىدە پەقەت شۇ يارى.
— بېرىڭلار ماڭا يول، ئۆتەي ئالدىغا،
سانجىلاي شياۋخۇڭنىڭ قاتىلىغا تېز.
نىمىشقا يولسىزلىق قىلىدۇ ئۇلار؟
نىمىشقا يول قويۇپ تۇرمىسىزكەن بىز؟!
زۇڭلىنى خاتىرىلەش گۇنامۇ شۇنداق؟
نىمىشقا بىزلەرنى قورشاپ ئالىدۇ؟
نىمىشقا دەھشەتلىك باستۇرماق ئۈچۈن،
مىلتىق ھەم توقماقنى ئىشقا سالىدۇ؟
دىمەككى ئاشكارا قىلدى مەلئۇنلار
زۇڭلىغا ھەقىقى ئۆچمەنلىگىنى،
خەلققە ئەشەددى دۈشمەنلىگىنى،
ھەم رەزىل قان ئىچەر شۇمپەنلىگىنى ...
بېرىڭلار ماڭا يول ئالدىغا ئۆتەي،
شۇ ۋەھشى قاتىلنى يۈزمۇ-يۈز سۆكەي.
سۆيۈملۈك يارىمنىڭ قېنىپ ھۆسنىگە،
جېنىغا جان قوشاي، تۇرغۇزاي-يۆلەي...

پىتىرغان بىھساپ ئامما ئىچىدە،
قىستىلىپ ئىلگىرىلەپ باراتتى شياۋمىيى.
گويا كى بورانلىق مۇدھىش كېچىدە،
دولقۇنلار كۆكسىنى ياراتتى شياۋمېي.
بۇ دولقۇن كۈچ بىلەن داۋالغۇپ بەزەن،
ئاتاتتى نېرىدىن نېرىغا ئۇنى.
"تېزرەك قاچايلى قۇتۇلماققا" دەپ،
تۇتاتتى كىملەردۇر ئۇنىڭ قولىنى.
— ياق — دەيتتى، سىلجىيتتى شياۋمېي يەنىلا،
قۇربانلار مۇنارى تەرەپنى كۆزلەپ.
يىقىلغان شۇ مۇنار تۈۋىدە يارى،
ئېلىشى كېرەكتۇر ئۇنى تېز يۆلەپ.
يېقىنلاپ قالدى ئۇ مانا ئاستىلاپ،
ياناتتى كۆزلىرى غەزەپلىك چاقناپ،
بولۇندى ئۇشتۇمتۇت ئامما ئىككىگە،
ۋەھشىلەر توپىدىن ئۆزىنى ئاسراپ.
كۆزىگە قان تولغان بىر توپ لۈكچەك،
كېلەتتى ئويىنىشىپ مىلتىق - توقماقنى.
شەرەپ دەپ بىلەتتى تۇرقىدىن ئۇلار،
ھېيىقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە،
غەزەپتە تىكىلدى ئۇلارغا شياۋمېي.
ئىستىدى قاق يېرىپ ئۆتمەكنىمۇ ھەم،
تېزرەك يەتمەككە مۇنارغا شياۋمېي.
خورىگى شۇنچىلىك ئۆسكەن شۇمپەنلەر،

ئېتىلدى ئۇنىڭغا ھەرىدەك كېلىپ.
ھېچ گەپسىز مۇشتلىرى ئۇستى-ئۇستىگە،
ھەم قويدى كۆپ ئۆتمەي ئۇنى يېقىتىپ ...
قىينىلىپ كۆزىنى ئاچقاندا شياۋمېي،
ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدى تاڭ قېتىپ.
ياتاتتى ھەيۋەتلىك ياسانغان ئۆيدە،
قولىغا "فۇتاۋتاڭ" قويۇلغان چېتىپ.
شياۋلېي دەپ ئاتالغان ساۋاقداش دوستى،
تەبەسسۇم ئىلكىدە تىكىلدى ئاڭا.
دېدى ئۇ شياۋمېينىڭ سىلاپ بېشىنى:
— بىلەمسەن قايتا جان بېرىلدى ساڭا.
ئۇ سۆزلەپ بەردى ھەم ئۇنى شۇ كۈنى،
قانداقچە بۇ ئۆيگە ئېپ كەلگىنىنى.
بۇمۇ بىر ئاجايىپ ھېكايە بولۇپ،
ئىپادە قىلاتتى خەلق قەلبىنى.
يىقىلغان چېغىدا شياۋمېي ئۇرۇلۇپ،
يېپىلغان كىشىلەر زور قورشاۋ قۇرۇپ.
چىمارغان مالىمان قىستاپ ئۆزئارا،
ئېپ قاچقان شياۋمېينى تېزلا قۇتقۇزۇپ.
ھە مانا بىر سوتكا ئۆتتى ئارىدىن،
باشپانا بولماقتا ئۇنىڭغا شياۋلى.
ئېپ كەلدى يوشۇرۇن دوختۇر تەكلىپ قىپ،
كۆيۈمچان ئاتىسى مويسىپىت لاۋلى.
شۇ دوختۇر ئەجرىدىن ئېچىپ كۆزىنى،

تۇرماقتا دوستىنىڭ ئاڭلاپ سۆزىنى.
ۋە لېكىن يوق ئىدى تېنىدە دەرمان،
سېزەتتى ئىنتايىن يامان ئۆزىنى.
شۇندىمۇ قەھرلىك قەلبىدە ئۇنىڭ،
ئىنتىقام ئوتلىرى ياناتتى ھامان،
سورىدى ئىشلاردىن جەريانلىرىنى،
سورىدى شىياۋخۇڭنى، — قالدىمۇ ئامان؟
— ھەممە ئىش جايىدا، — دىدىدە شىياۋلى،
ئالدىراپ يۈزىنى چەتكە بۇرىدى.
زەخىم بار مېڭەڭدە ئويلانما ئارتۇق،
ساقايساڭ بىلىسەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.
"زەخىم بار مېڭەڭدە" دىگەن شۇ سۆزدىن،
ئۇلاشتى شىياۋمېينىڭ تېنىگە تىترەك.
ۋە لېكىن دەيتتى ئۇ: "مۇمكىن ئەمەس بۇ،
ئىشلەيدۇ بىر ئۆمۈر روشەن ۋە سەگەك".
ئاستىلاپ كۆزلىرى غۇۋالاشتىدە،
گادىرماش خىياللار چولغىدى ئۇنى.
مۇشتلاش ھەم كالتەكلەر كەلدى يادىغا،
"ۋاي"! دەپلا يوقىتىپ قويدى ھوشىنى.
شۇنىڭدىن باشلانغان تۇتقاق كېسىلى،
قىيناشقا باشلىدى ئۇنى پات-پاتلا.
سارغىيىپ چىرايى بولدى زەپىران،
خۇلقىمۇ ئۆزگىرىپ بوپ قالدى ياتلا.
بىراق شۇ كېسىلى ساقلىدى ئۇنى،

تۇرمىنىڭ دەھشەتلىك قىيناشلىرىدىن،
شۇندىمۇ ئايرىلىپ قالمىدى چەتتە،
ئۇلارنىڭ ئازاپلىق "سىناش"لىرىدىن.
تۇتقاندا كېسىلى، كېلەتتى ئۇلار،
سىنايمىز دېيىشىپ جىڭ ـ جالىغىنى.
ئۇراتتى قىڭغىراق سۆڭەككە تۆمۈر،
سانجىيتتى تېنىگە ئۆتكۈر يىڭنىنى.
دوستىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈلپەت،
ئۆتەتتى شياۋلىنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ.
قارالماي پۇرسۇلداپ سانچىلسا يىڭنە،
"ۋاي جان" — دەپ يۈزىنى ئالاتتى چۈمكەپ.
دەيتتى ھەم چىدالماي: يوقمۇ دوختۇرۇڭ؟
بۇ نىمە ۋەھشىلىك ـ نىمە تەلۋىلىك؟!
زەھەرلىك يىڭنەڭنى سانجىمىساڭمۇ،
تۇرمامدۇ كېسىلى ئېنىق، بەلگىلىك!
كاپىشما! دەر ئىدى دوق قىلىپ ئۇلار،
ھۆرپىيىپ ئاچ قالغان بىر توپ بۆرىدەك.
تاش ئاتسا بەختىمىز قورغانىغا ئۇ،
سىيپامدۇق ئەكسىچە ئۇنى تۆرىدەك.
باشپانا بولغۇنۇڭ يېتەر ئۇنىڭغا،
بىز تاقەت قىلمايمىز ئارتۇق بۇنىڭغا.
ساقلاشنى بىل ئۇنى چەكلەپ مۇھىتتىن،
يولاتما ھېچكىمنى ھەمدە ئۇنىڭغا.
بولسىمۇ شياۋلىنىڭ كۆڭلىدە كۆپ گەپ،

يوشۇردى چىشىنى چىشىغا چىشلەپ.
ئۇيلايتتى: ناھەقلىق كەتمەس ناھەقچە،
ئالارمىز ئىنتىقام بىزمۇ بىر كۈن...خەپ!...
شۇ ئىشەچ شياۋلىغا بولدى كۈچ-مەدەت،
ئاسرىدى شياۋمېينى ياغدۇرۇپ شەپقەت.
ئېپ چىقتى باغلارغا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ،
كۆڭلۈڭنى ئاچ دوستۇم چەكمە، — دەپ، — ھەسرەت.
شۇ ئادەت بويىچە ئۇنى بىر كۈنى،
ئېپ چىقتى بېيخەيگە — كۆلنىڭ بويىغا.
كىم بىلسۇن ئۇشتۇمتۇت تۇتۇپ كېسلى،
ۋاقىرغان بويىچە تاشلاندى سۇغا.
بەختكە كىشىلەر كېلىپ ھەر ياندىن،
ئېپ چىقتى قۇتقۇزۇپ ئۇنى تىنچ-ئامان.
بۇنىڭدىن ئىنتايىن چۆچۈگەن شياۋلى،
توختاتتى سەيلىنى شۇنىڭدىن بۇيان.
تيەنئەنمېن ئاسمىنى سۈزۈلۈپ بۈگۈن،
ياغرىغان چېغىدا قايتا "دۇڭفاڭخۇڭ".
گۇم بولۇپ تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ تەختى،
پاچاقلاپ تۇرمىنى چىققاندا شياۋخۇڭ.
ئۇچرىشىپ ئاشىغى بىلەن شات-خۇرام،
يۇرگەندە سەيلىدە زوق بىلەن يايراپ.
قوزغىلىپ قالدى شۇ كېسلى يەنە.
دولقۇنلاپ تۇرغان شۇ كۆلگە بىر قاراپ...

ئەكسىدە چاقنار قۇياش رەڭلەر تۆزۈپ،
جىسمى پۈتكەندەك جاۋاھىر_لەئىلدىن.

باردىم ئولتۇردۇم لېۋىدە زوقلىنىپ،
سۈمۈرۈپ ئىچتىم ئوچۇملاپ روھلىنىپ.
دىلدا قوزغالدى ھاياجان ئۆركىشى،
كۈچ تېپىپ جىسمىم گويا ھەر قەتردىن.

ئوخشىماس ھېچ سۇغا بۇ سۇ لەززىتى،
كۆرمىگەن مۇنداق سۇنى ھېچ يەر بېتى.
ئۇ ئىجات_ھېكمىتى تۇرپان خەلقىنىڭ،
بىر بۈيۈك داستان نامايان چېھرىدىن.

ئۆتتى ئالدىمدىن سىرلىغان تەسۋىدەك،
ئەنە شۇ ھېكمەتكە تالىق بىر جۆجەك.

توپىسى خۇددى قوقاستەك چوغلىنىپ،
تاشلىرى ياتقان بەئەينى ئوت بولۇپ،
شامىلى يالقۇن سىپەتتى ۋادىغا،
ياندى يالقۇنتاغ شۇ يالقۇن تەپتىدىن.

باستى بىر چاغلار ئاشۇ يۇرتقا ئاياق،
بىر چوپان ئوغۇل تۇتۇپ قولدا تاياق.
بوغدىدىن قاچقان ئۇنىڭ بىر توپ قويى،
بىر تاسادىپ زور بوراننىڭ ۋەھىمىدىن.

قوينى تاپماستىن يىگىتكە يوق ئارام،

چەكسىز غەلىبە ھۇزۇرى بىلەن،
شۇ

باردۇ پىچىرلاپ بىرسى ـ بىرسىگە،
كۆزىنى شۇ تىنىق سۇ كەبى سوزۇپ.
باردۇ شۇ ھالدا كۆل ئەمەس گويا،
خۇشاللىق دېڭىزى ئۇستىدە ئۈزۈپ.

1978 ـ يىل 11 ـــ 12 ـ ئايلار.

## كارىز ناخشىسى

ئاقىدۇ دولقۇن ياساپ كارىز سۈيى،
جۇش ئۇرۇپ يـۈز گەزچە يەرنىڭ تەكتىدىن.
ئەكسىدە چاقنار قۇياش رەڭلەر تۈزۈپ،
جىسمى پۈتكەندەك جاۋاھىر ـ لەئلىدىن.

باردىم ئولتۇردۇم لېۋىدە زوقلىنىپ،
سۈمۈرۈپ ئىچتىم ئوچۇمـلاپ روھلىنىپ.
دىلدا قوزغالدى ھاياجان ئۇركىشى،
كۈچ تېپىپ جىسمىم گويا ھەر قەتىردىن.

ئوخشىماس ھېچ سۇغا بۇ سۇ لەززىتى،
كۆرمىگەن مۇنداق سۇنى ھېچ يەر بېتى.
ئۇ ئىجات ـ ھېكمىتى تۇرپان خەلقىنىڭ،
بىر بۈيۈك داستان نامايان چېھرىدىن.

ئۆتتى ئالدىمدىن سىرىلغان تەسۋىدەك،
ئەنە شۇ ھېكمەتكە تالىق بىر چۆچەك.

ئۆردى جۇش قەلبىم ئۇنىڭ ئىلھامىدىن،
ئېح، ئۇنىڭ تەسۋىرى پۈتتى نەزمىدىن.

*　　　*　　　*

يوقتى يۇرتىنىڭ نامىدىن ئۇ چاغ نىشان،
ياتتى ئوت-يالقۇن ئارا كۆپ بۇ ماكان.
يوق تېمىم سۇ ئالغۇدەك لەۋگە سۈرۈپ،
ئۆرتىنەر ھەر يان شۇ يالقۇن ۋەھمىدىن.

توپىسى خۇددى قوقاستەك چوغلۇنۇپ،
تاشلىرى ياتقان بەئەينى ئوت بولۇپ،
شاملى يالقۇن سېپەتتى ۋادىغا،
ياندى يالقۇنتاغ شۇ يالقۇن تەپتىدىن.

باستى بىر چاغلار ئاشۇ يۇرتقا ئاياق،
بىر چوپان ئوغۇل تۇتۇپ قولدا تاياق.
بوعدىدىن قاچقان ئۇنىڭ بىر توپ قويى،
بىر تاسادىپ زور بورانىنىڭ ۋەھمىدىن.

قوينى تاپماستىن يىگىتكە يوق ئارام،
ئاڭا بەرمەيدۇ ئامانلىق باي-قاۋان.
يا ئۆلۈم ۋە يا كۆرۈم دەپ شۇ ھامان،
ماڭدى ئىز قوغلاپ يىگىت قوي كەينىدىن.

ئاچقىنىدا بۇ ماكان ئاڭا قۇچاق،
ئۆرتىگەندەك بولدى بىر ئوتلۇق ئوچاق.

ئۇستىدىن كۈن، ئاستىدىن قۇم چاشتى ئوت،
بولدى تەن ئالماق نەپەس شۇ ۋەجىدىن.

چاۋرىپ يىبرىلدى قۇمدا پۈتلىرى،
باغلىدى گەز سۇسىراپ ھەم لەۋلىرى.
چۈشسىمۇ بەكلا قىيىن قوي تاپمىغى،
قايتمىدى ئەسلا يىگىت ئۆز ئەھدىدىن.

ئاشۇ ئەھدى بەستىگە زور كۈچ بىرىپ،
كەڭ قومۇشلۇققا ئۇنى كەلدى ئىلىپ،
ئۇندا توپلاشقان ئىدى قوي پادىسى،
ئۇرغىدى شاتلىق يىگىتنىڭ قەلبىدىن.

قىلمىدى لېكىن بۇ شاتلىق كۆپ داۋام،
قويلىرى كەتكەن ئىدى ئۇسساپ تامام.
باقتى ھەر يانغا يىگىت، يوقتى ئەسەر
مول تەبىئەتنىڭ زىلال كەۋسىرىدىن.

ئۆسمىگەي سۇسىز قومۇش بۇنچە بولۇق،
دىدى ـ دە، راسلاندى قازماققا قۇدۇق.
كىم بىلەر مەقسەتكە تۆكمەي ئۇنچە تەر.
كەلگۈسى راھەت ھالال تەر بەھرىدىن.

قازدى ئۇچلاپ تايىغىنى يەرنى ئۇ.
قازدى يىگنە بىرلە قۇدۇق ئەينى ئۇ.

ئاۋۇدى ئىش ئىشلىگەچكە توختىماي،
چىقتى سۇ ئۆتمەي ئۇزاق يەر تەكتىدىن.

چاقنىدى شۇ دەم يىگىتنىڭ جۇپ كۆزى،
نۇرلىنىپ كەتتى بۆلەكچە ھەم يۈزى،
يەتتى جانان ۋەسلىگە مىسالى ئۇ،
تاپتى جاي ئارزۇسى ۋىسال تەختىدىن.

روھلىنىپ ئىچتى سۇنى يېنىپ-يېنىپ،
ئىچتى كەۋسەردىن گويا ئارتۇق بىلىپ،
سەزدى يەڭگىل ئۆزىنى ئۇ ئاشۇ دەم،
ئەمگىكى بەرگەن مۆجىزە-غەلىبىدىن.

چۈشتى ئىشقا يەنە قويچى تايىغى،
چىقىشى لازىم قۇدۇقنىڭ ئايىغى.
قازدى بىرنەچچە قۇدۇقنى توختىماي،
ھەم تۇتاشتۇردى ئۇنى يەر تەكتىدىن.

قوشۇلۇپ بىر-بىرسىگە سۇ ئېقىنى،
قۇچتى بۇلدۇقلاپ چىقىپ يەر بېتىنى.
كۈن نۇرى پارلاپ شۇ ئان سۇ يۈزىدە،
مالچى كۆزى چاقنىدى نۇر ئەكسىدىن.

كەلدى سۇ ئىچمەككە قويلار ئېتىلىپ،
سۇ ئاقار قىرغاق سۆيۈپ، ئۈنچە چېچىپ.

چۈشتى ئۇسۇلغا قومۇشلار ئېگىلىپ،
جانلىنىپ سۇ باشلىغان شوخ نەغمىدىن.

كەتتى بۇ نەغمە ئۈنى ھەر يان تاراپ،
قاچتى يالقۇن تەپتىمۇ ئارقىغا قاراپ.
ئورنىنى ئالدى چىقىپ ئىللىق شامال،
سوۋۇدى تۇپراق ئۇنىڭ خۇش بەھرىدىن.

* * *

ئاشۇ قەيسەر قويچىنىڭ ئۇشبۇ ئىشى،
بولدى بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ بېشى.
باستى ئەجدات ئىزىنى ئەۋلاتلىرى،
سەپ تۈزۈپ كۆرمىگىلىغان مەرت ئەھلىدىن.

يىل ـ ئەسىر ئۆتتى، ئۇدۇم قىلدى داۋام،
ئىشلىرى مەرتلەر ھامان ئالماي ئارام،
ئاشۇ قەيسەرلىك بىنا قىلغان بۇ يۇرت.
مەڭگۈلۈك جاي ئالدى تارىخ بېتىدىن.

ئىدىقۇت①، يارغول②، بېزەكلىك③ قەسرى.
شۇ ئۇزاق تارىخقا ھەغدا ھەر بىرى.

---

① ئىدىقۇت ــ قەدىمقى ئۇيغۇر شەھرى، خارابىسى تۇرپان ئاستانىدا.
② يارغول ــ قەدىمقى ئۇيغۇر شەھرى، خارابىسى تۇرپان يارغولدا.
③ بېزەكلىك ــ تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى مەشھۇر "مىڭ ئۆيلەر"نىڭ بىرى. بۇ يەردىكى غارلارنىڭ تاملىرىدا قەدىمىي ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ تاڭسۇق گۈزەل سەنئەت نامايەندىلىرى بولغان تام سۈرەتلىرى ۋە نەقىشلەر بار.

جۇش ئۇرار يۈكسەك ئىلىم-پەن، مەرىپەت.
يۈكسىلىش كامالى ھەر بىر نەقىشدىن.

نۇر بولۇپ ئاقتى يىپەك يولى ئارا،
مەرىپەت كۆكىدە ئۇ چاچقان شولا.
تار مەشرىقتىن ئۇزاق مەغرىپقىچە،
سۆيۈنەر دىللار ئۇنىڭ مول شەرھىدىن.

*　　　*　　　*

كۆچۈرۈپ قۇملارنى يىللار شاملى،
قىلدى نى قەلئەنى بەربات قاملى.
جەڭ-جىدەللەر مەھسۇلى خارابىسى،
بولدى بىزگە قالغىنى يۇرت قەسرىدىن.

يوق بىراق ئۇنتۇلغىنى — ئەستە تېخى.
شۇ كارىز قازار يىگىتنىڭ جۈرئىتى،
ئۇ بولۇپ ئەمگەكچى ئەلنىڭ رىغبىتى،
قايتىمىدى جەڭدە كۈرەشتە ئەھدىدىن.

قۇم-بورانلار ئارا ياڭراپ خۇش كۈيى،
بىزگىچە كەلدى شۇڭا كارىز سۈيى.
مەرت يۈرەكلەرنىڭ تەلەپچان ۋارىسى،
باردى ئۇلغايىپ ئۇنى پاك تەرىدىن.

*　　　*　　　*

تاڭ ئېتىپ ئەل بەختى ئاچقاندا چېچەك،
كۈلدى مىڭ يىللىق گۈزەل ئارزۇ-تىلەك.

يەك تۇرۇپ كارىزچىنىڭ ئەۋلاتلىرى،
قازدى كۆپ كارىز يەنە يۇرت باغرىدىن.

كۆكرىپ كارىز سۈيىدىن چۆل تولۇق،
مايسىلار ئۆستى ئېتىزلاردا بولۇق،
باغ-ۋارانلار ئۆزگىچە ئاچتى چىراي،
تون كىيىپ تۇرلۇك-تۈمەن خىل لەيلىدىن.

توق يېشىللىق ئۈستىگە كۆركەم بېزەك،
يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ ھەر خىل چېچەك،
نە چېچەك يايغان ئۇسۇلچى گۈل ئېتەك،
قەلبى دولقۇنلاپ يېقىملىق پەددىدىن.

بۇ پەدە بۇلبۇل قۇشنىڭ خۇش كۈيى،
ياكى بۇيلۇقنىڭ تىنىمسىز شوخ سۈيى.
تەبىئەت كىرگەن ئاجايىپ جىلۋىگە،
ئەنە شۇ كۈينىڭ تىنىمسىز ئەۋجىدىن.

شۇ گۈزەللىككە بېرىپ چىن مەيلىنى،
كىمدۇكىم بۇندا قىزىتسا سەيلىنى،
باغنى جەننەت، ئۆزىنى سەزمەمدۇ ھۆر،
باغ بەخش ئەتكەن ھۇزۇرنىڭ پەيزىدىن.

شۇ سەۋەپ قوزغاپ ھاياجان بۇ ماكان،
تارتقىنى، ئەل زوقىنى سىزگە ئايان،

بىر كۆرۈشكە زار ئۇنى ئەھلى جاھان،
سۆيۈنەر كۆرسە ئەبەت ئۆز بەختىدىن.

ھەر تەرەپتە تال باراڭ كەتكەن تۇتاش،
ھەر باراڭدا ساپ ئۈزۈم، يوق ھېچ ئاراچ،
قىزىتالماس بۇندا ماڭلاينى قۇياش،
سىپىلەر سالقىن شامال ھەر بەرگىدىن.

ئۈزۈشەر قىزلار ئۈزۈم تەكلەر ئارا،
خۇددى سۈزگەندەك دىڭىزدىن دۇر گويا.
كۆز چاقار ھەر دانىسى، تەمى ناۋات،
بىرىدۇ ھۇزۇر بۆلەكچە تەمدىن.

ساڭنى تولدۇرغانسىمان ساپ ئۈنچىگە،
توشىسا قىزلار ئۈزۈمنى چۈنچىگە،
ئاپىرىن ئەيلەپ بۇ باغ باغۋەنگە،
كىم سۆيۈنمەيدۇ بۇ يۇرتقا قەلبىدىن.

يوق بىراق بۇندىن قانائەت ئەيلىمەك،
مەڭگۈ چۈشمەيدۇ تۇرۇلگەن گاڭ بىلەك،
خۇددى كارىز سۈيىدەك مول بولغۇسى،
بۇندا مەھسۇل مەڭگۈ مەرتلەر ئەجرىدىن.

*　　　*　　　*

دىلدا زوق قوزغاپ بۆلەكچە شوخ كۈيى،
ئاقىدۇ دولقۇن ياساپ كارىز سۈيى،

بويىدا تۇردۇم ئۇزاق ئويغا پېتىپ،
سۆيۈنۈپ قويچى يىگىتنىڭ ئەقلىدىن.

ئوتسىمۇ گەر قانچە مىڭ يىل ئارىدىن،
ئۇ چىقىپ كەتكىنى يوق ئەل يادىدىن،
ئۆز ئىجادى بىرلە مەڭگۈ ياشىغاي،
كىم ئىجات قىلسا، ئىجادى بەھرىدىن،

ئاپىرىن ئەيلەپ يىگىتنىڭ شەنىگە،
مەن قەلەم ئۇردۇم بۇ ئوتلۇق نەزمىگە.
قەد كۆتەرگەندەك كارىز سۈيىدە يۇرت،
پۈتتى نەزمەم شۇ كارىزچى مېھرىدىن.

1982-يىل تۇرپان، ئۈرۈمچى.

## گۈلى

ئادىتىمچە گېزىت ئاختۇرۇپ،
بىر سۈرەتكە قالدىم تىكىلىپ.
تۇراتتى بىر تونۇشلا چىراي،
خۇددى ماڭا قاراپ جىلمىيىپ.

جۈپ كۆزلىرى ئەينى چولپان،
يۈزى تولغان ئاينىڭ مىسالى.

خۇددى بەرگى قىياق قاشلىرى،
قەددى يېڭى باغنىڭ نىھالى.

كۆرگەندىمەن ئۇنى قەيەردە؟
دىدىم بىردىن تۇنۇپ قالدىم مەن.
شۇركەنگەندەك بولدى بەدىنىم،
ئوقۇشتىنمۇ سوۋۇپ قالدىم مەن.

"شۇنداقلارنى ماختىغان بولسا،
چاغلىق ئىكەن گېزىتىمۇ" دىدىم.
تاشلاپ قويدۇم گېزىتنى ئاستا،
قىلدى پەرۋاز خىيال كەپتىرىم.

* * *

بىر يىل بۇرۇن، كەچ كۇز شامىلى
ۋادىلارغا تۆكەتتى ياپراق،
تۇرۇلەتتى ئاسماندا بۇلۇت،
قىل قىش غېمىن، دىگەندەك پاتراق.

شۇ ۋەجىدىن توپ-توپ كىشىلەر،
دوكانلارنى يۇرەتتى كېزىپ.
مەنمۇ كەزدىم، ئالماقچى بولغان،
ماللىرىمنى كۆڭلۇمگە تىزىپ.

نىمە بىلەي قارا باستىمۇ،
ياكى تەقدىر قىلدىمۇ چاقچاق،

توغرىلاندى يولۇم بىر كىچىك.
ماگىزىننىڭ ئىچىگە شۇ چاغ.

توشۇپ كەتكەن ئىدى پۇكەيگە،
چىرايلىق رەخ، مالنىڭ ھەر خىلى،
كۆز تاشلىدىم چىقارمۇ دەپ،
بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ،ھە، خىلى.

كۆپلىگەندىن بىراق ئادەمنىڭ،
قىيىن ئىدى ئالدىغا ئۆتمەك،
مالساتقۇچىنىڭ تەرسا مىجەزى،
بولدى "ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك".

ۋاقىرايتتى خېرىدارغا ئۇ،
تاللىشىغا قويماي قىلچە يول.
"ئاق"نى دىسە، "قىزىل"نى ئېلىپ،
قوزغار يەنە كۆلكە ۋە غۇل-غۇل.

ۋاقىرىدى ئاردا بىرى:
— بۇ قانداقچە خىزمەت ئىستىلى؟
ياگاۋ دىسەم، ئاياق مېيىنى
بېرىپسىزغۇ ماڭا سىز، گۆلى.

"نەگە كەتتى كۆزىڭىز سىزنىڭ؟
— دىدى گۆلى ئالىيىپ ئاڭا.

— مال ئېلىشنى بىلمەستىن تۈزۈك،
نىمە دەيسىز يەنە سىز ماڭا؟"

— بۇ سىز ئۇچۇن شۇنچە تەس ئىشمۇ؟
— دېدى مَاڭا قاراپ خېرىدار.
— يەرگە ئۇرماڭ ئىشەنچىمىزنى،
قالايمىقان گەپ سېتىپ بىكار.

— "ئۆتە ئاكا" دېدى قول سىلكىپ،
خېرىداردىن چەتنەشتى گۈلى.
تەتۈر قاراپ ئوتلىۋالدى چاي،
چاچلىرىنى تۈزەتتى قولى.

نەزىرىدە شۇ تاپتا ئۇنىڭ،
يوق ئۆزىدىن ئۆزگە ھېچ كىشى.
ئۇ بىلەتتى ئۆزىنى گويا،
بۇ دوكاندا تۆرە-ئىش بېشى.

تۆرىلەرچە رۇسلاپ قەددىنى،
چىرايىغا بەردى مەغرۇر تۈس.
قاراپ ئالدى ئەينەكمۇ،
كىرىسلودا ئولتۇرۇپ راۋرۇس.

ئاندىن يەنە ئوتلاپ چېيىنى،
قويدى ئىككى يېنىغا قاراپ.

بىر يېنىدا يۇڭ يىپ ۋە بېگىز،
بىر يېنىدا بار ئىدى كىتاپ.

تىكىلەتتى ئەتراپقا يەنە،
ئىزدىگەندەك كىمدۇر بىرسىنى،
يا كۆرسەتمەكچى بولدىمۇ بىزگە،
ھاكاۋۇرلۇق، سېسىق بېگىسىنى.

بەلكىم دۆلەت بەرگەن ھوقۇقنى،
دىسە كېرەك زوراۋانلىق كۈچ؛
دىسە كېرەك پۈكەينى راۋاق،
خېرىدارنى بىر توپ گۈل-گومۇش...

قىرىشقانچە چېشىم ئۇنىڭغا،
ئىچ-ئىچىمدىن قاينايتتى غەزەپ.
تەنە بىلەن سۆز ئاچتىم ئاخىر.
خېرىدارغا ئۇنى شەرەتلەپ:

"ياش ئەمەسمۇ كەچۈرۈڭ ئۇنى،
باردۇ ۋەجى ئۆزىگە لايىق،
يىگىتكە كەتكەندۇ ئويى،
مالنى خاتا بەرگەندە تايىلىق."

كۆتۈرۈلدى دۇكاندا كۈلكە،
قىز غەزەپتە ھۆرپەيدى ماڭا:

"مېنى نىمە چاغلاۋاتىسەن؟
تونۇتاي مەن ئۆزەمنى ساڭا!"

تۇرۇپ قالدىم ئوڭايسىزلىنىپ،
دۈچ كەپتىمەن، دەپ چوڭ بالاغا،
"چېقىلماسلىق كېرەكتى ئاڭا"،
دەپ بەزىلەر چۈشتى سالاغا.

ئەلپازىدىن چۆچۈپ گۈلىنىڭ،
كەلدى يېقىن ئىككى ~~مالساتقۇچى،~~
دىدى: "جىدەل چوڭلاپ كەتمىسۇن،
چىقىپ كېتىڭ بۇ يەردىن ئىتتىك."

كەلمىسىمۇ گەرچە تەن بەرگۈم،
كۆردۈم چىقىپ كېتىشنى راۋا.
دەيتتىم: "ئاخىر سوتلاشقا ئۇنى،
ئۆز قىلمىشى قىلىدۇ دەۋا..."

* * *

ئەپسۇس ئورۇن ئاپتۇ ئۇ بۈگۈن.
گېزىتتىكى شەرەپ تاختىدىن.
يۈرىكىمگە چىگىلدى تۈگۈن،
گۇمانلىنىپ مۇئەللىپىدىن.

ماختالسىمۇ شۇڭا قانچە ئۇ،
رەت قىلاتتىم ئىشەنمەي ئۇنى.

(ئالتۇن بىرىپ ئىلىپ بولمايدۇ،
دىگەن شۇدە قالغان كۆڭۈلنى).

باشلاپ ماڭدى بىراق بۇ ئىشلار،
مېنى ئەشۇ دۇكانغا يەنە.
بىلمەس ئىدىم، تەكشۈرۈشمۇ بۇ،
يا مۇخبىرغا قىلىنغان تەنە؟!

دۇكان ئىچى تولغان بۈگۈنمۇ
خېرىدارلار بىلەن لىقمۇلىق.
بىراق خالى ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن،
سۆزلىشىشلەر پەس ۋە يېقىملىق.

ئەملىيەت قىلدى مېنى لال.
تىكىلگەنچە تۇرۇپ قالدىم تىك.
خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە گۈلى.
ئىشلىمەكتە جىددى ۋە تېتىك.

"رەخ ئالامسىز؟ تاللاڭ ئۆزىڭىز،
مۇنۇ شاگخەي، مۇنۇ سۇجۇنىڭ،
باھاسىغۇ ئوخشاش ۋە لىكىن،
يارىشىملىق سۆيتى بۇنىڭ"

"سىزچۇ يولداش ئالامسىز چاپان؟
ئەپسۇس تۈگەپ كەتتى ئۇ خىلى.

مالال كۆرمەي كۆتۈپ تۇرسىڭىز،
ئىسكىلاتتىن ئېپ چىقاي ھېلى.»

ئاتلاپ ئۆتۈپ پۇكەيدىن گۈلى،
ئىسكىلاتقا قاراپ يول ئالدى.
تونۇشمىدۇ ئۇلار، دىگەن ئوي،
مېنى يەنە گۇمانغا سالدى.

— يېقىنلاشتىم پۇكەيگە ئاستا،
كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ.
چىقىپ قالدى گۈلىمۇ شۇندا،
بىرقانچە خىل چاپاننى كۆتۈرۈپ.

مەمنۇن بولۇپ كۆلدى خېرىدار،
قويۇلغاندا پۇكەيگە چاپان.
ئاتتىم چاقچاق ئوقنى ئاكا،
تونۇپ قېلىپ ئۇنى مەن شۇ ئان.

دىدىم: «تولا كەتمەك ئالدىراپ،
ئەستايىدىل تاللىماق كېرەك.
بوپ قالمىسۇن يەنە ياكاۋ دەپ،
ئاياق مېيى ئالغىنىڭىزدەك.»

قاق-قاق ئېتىپ كۆلدى خېرىدار،
باشقىلارمۇ قوشۇلدى ئاكا.

گۈلى بولسا چوغدەك قىزىرىپ،
كۆزلىرىنى قاددى ماڭا.

يامان بولدى، دىدىم ئىچىمدە،
كۈتۈپ ئۈنىڭ تەنە ـ دوقىنى.
سەگەكلەشتىم قىلماققا تەييار،
ئاڭا قارشى ھەزىل ئوقىنى.

بىراق قىزچاق قىلدى تەبەسسۇم،
تولۇن ئايدەك نۇرلاندى يۈزى.
كۆز ئالدىمغا كەلدى شۇ ھامان.
رەسسىمدىكى تۇرقىنىڭ ئۆزى.

ئىمىشقىدۇ بوشىشىپ تېنىم،
يۇۋاشلىشىپ قالدىم شۇ ھامان،
كۈلكىسىدە بارمىدۇ سېھىر،
ياكى شەھلا كۆزىدە پەيكان؟

دىدى قىزچاق كۈلكە ئىلكىدە،
كۆزلىرىمگە تىككىنىچە كۆز:
"ـــ ئۇ چاغلارنى يەسلىسەم قاچان،
ئەلەم بىلەن قىزىرىدۇ يۈز.

بىراق ئارتقا يانماس ئاتقان ئوق،
ئاقماس سۇمۇ ئارقىغا يېنىپ.

ئۆتۈپ كەتتى كۈنلەر شۇكەبى،
پۇشايماندىن دىلغا ئىز سىلىپ.

ئەسلىشىمنى بۇگۈن ئەلەمدە،
نىمە بىلەي ئۆتكەن شۇ كۈننى.
ئۆستۈم "ئىسيان"دەۋردە بۇزۇش،
چېقىشلارنىڭ بولۇپ مەپتۇنى.

نىمە ئەلنىڭ ئىستەك-ئۈمىدى؟
نىمە ھۆرمەت، نىمە پەدىشەپ؟
خىيالىمغا كەچمەيتتى بەرى،
دەيتتىم ئۆزەم قالتىس "ئەزىمەت".

دوستلىرىمنىڭ ئاياپ ئۆزىنى،
قاچاتتى گەپ قىلىشتىن ماڭا.
ئېگىلەتتىم، دەيتتىم مەنىمۇ ھەم،
تەتۈر قاراپ يۈرەتتىم شۇڭا.

ئۆتۈپ كۈنلەر قالدىم يىگانە،
بولۇپ جۇدا دوستلار ۋەسلىدىن،
تەن بەرمىدىم لېكىن جۇش ئۇرۇپ —
تۇرغان ئىسيان قىينى دەستىدىن.

ياسايدىكەن بىراق بۇرۇلۇش،
ئۇختىسىغا كەلگەن چاغدا ئىش.

سالدى يېڭى باشلىنىشقا ئۇل،
سىلەر بىلەن بولغان تەگىشىش.

سۆھبەتلىشىپ جىڭلى بىر كۈنى،
بەردى خېلى ئۇزاق تەربىيە.
”ئەگەر مەنمۇ بولسام خېرىدار...“
دىگەن سۆزنى قىلدى ھەدىيە.

مۇشۇ بىر سۆز ئورناپ يۈرەككە،
ۋۇجۇدۇمدا ياسىدى ئۆركەش.
كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى بىرمۇ-بىر،
خېرىدارنى سەتلەپ دۈشكەلەش،

ئەگەر مەنمۇ بولسام خېرىدار،
شۇ خورلۇقتا تۇرامدىم چىداپ.
نىمە قىلدى زادى خېرىدار،
يەمېلىڭنى كەتتىمۇ بۇلاپ؟

ئەگەر مەنمۇ بولسام خېرىدار،
بوش كەلمەيتتىم ئۇنداق خادىمغا.
سۆزلىشەتتىم جىڭلىسى بىلەن،
يەتكۈچىلىك ئەرزى-دادىمغا...

ئۆتتى نۇرغۇن ئىشلار ئالدىمدىن،
شۇ بىر ئېغىز سۆزگە باغلىنىپ.

ئۆرتەنگەندەك بولدى يۈرىگىم،
ئۆز قىلمىشىم بىلەن داغلىنىپ.

شۇندىن بۇيان شۇ بىر جۈملە سۆز،
بولدى دەستۇر ماڭا ھەر مەھەل.
بولدى ئۆلچەم خىزمىتىم ئۈچۈن،
رازى قىلىش خېرىدارنى تەل.

ئەلنىڭ مەسلىھەت، پىكرى، تەلىۋى،
ئارزۇيۇمغا ئايلاندى تولۇق.
مەھسۇلدۇر ئاشۇ ئارزۇنىڭ،
مەن ئىشىمدا قازانغان ئۇتۇق.

ئەلنىڭ پىكرى ئۇلۇغ، مۇقەددەس،
تەس ئۇنىڭسىز يۈكسىلىش ـ ئۆرلەش،
خىزمىتىمدە ھۇزۇرلۇق شۇڭا،
تەقدىرلەشتىن كۆرە تەنقىتلەش.

بولسا پىكىر ـ تەنقىت، مەسلىھەت،
ئاياغماڭلار، قىلىڭلار زاھىر.
مەن ئەمەسمەن بۇرۇنقى گۆلى،
مەن ھەقىقى ساتقۇچى ھازىر.»

دەپ تۆگەتتى سۆزىنى گۆلى،
كىشىلەرگە تەكشى سەپسىلىپ.

پىچىرلاشتى ھەممە ئۆزئارا،
ئاڭا چەكسىز مەسلىگى كېلىپ.

دىسە بىرسى: "يارايدىكەن ئۇ،
قىيىن ئەسلا بولماق بۇنچىلىك".
دەيتتى بىرسى: "ھەرقانچە بولسا،
بولار ئىشلەش چىكى شۇنچىلىك!"

بولمىسىمۇ گەرچە ئۇنداق چەك،
قايىل بولماي قالمىدىم بىراق.
يۈكسىلەر ئۇ ئۈزلۈكسىز يەنە،
قانائەتتىن بولسىلا يىراق.

1982 ـ يىل.

# داستانلار

## گۈلسۈم

ئىگىز تاغنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى كۈن،
نۇرغا چۆمدى كەڭ ۋادىلار يالتىراپ.
ئەنە پويىز بەردى سىگنال بىر قېتىم،
خوشلاشماقتا قىز ھەم يىگىت ئالدىراپ.
— خوش، خوش گۈلسۈم ئۆكۈنمىگىن ياخشى قال،
كۆز ياشلىرىڭ تاشقىنىغا توغان سال.
ئەھدىمىزغۇ ئەلنى گۈلگە ئورىماق.
كەتكىنىمگە شۇ ۋەجىدىن بول خۇشال.
ۋۇجۇدۇڭنىڭ بوستانىغا ھەرگىزمۇ،
غەم - قايغۇنىڭ چاڭلىرىنى قونىدۇرما.
جەڭ - چېلىشتا كۈلگەن سۆيگۈ گۈلىمىز،
ئاھىڭ ئوتى بىلەن ئۇنى سولدۇرما.
ۋاپادارلىق مېھرىڭ يۈكسەك مەدەتتۇر،
ئۇنىڭدىنمۇ يۈكسەك ۋەتەن سۆيگۈسى.
شۇ سۆيگۈگە سادىق بولۇپ ئىشلىمەك،
يىگىتنىڭنىڭ بىر ئۆزگۈرلۈك ئارزۇسى.
كەتتىم شۇڭا، كۈتكىن مەندىن خۇشخەۋەر،

بىزگە تەشنا تەكلىماكان چۆلىدىن.
(خەت يازارمەن سېنى دىلدىن سېغىنىپ،
گۈللەنگەندە ئىگىز ئاپپاق ئۆيىدىن)
بەلكىم مۇرات تاپار بىزنىڭ سۆيگۈمىز،
ئەنە ئاشۇ يېڭى ئاپپاق ئۆيلەردە.
تويىمىزنى ئوينار شۇندا جامائەت،
ئەجرىمىزدىن كۈلگەن يېڭى شەھەردە...
دىدى يىگىت يۇرۇپ كەتتى سەپەرگە،
قالدى گۈلسۇم ياغلىق سىلكىپ، ئۇزىتىپ.
گويا يارنىڭ تىنىغىدەك شىۋىرلاپ،
ئۇچتى شامال قىز چېچىنى يەلپىتىپ.

* * *

كۆك يۈزىدە ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي،
ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئالغان جاي.
چىمىرلايدۇ يۇلتۇزلارمۇ بەس-بەستە
بىر-بىرىدىن تالاشقاندەك ئۇز چىراي.
ھۆسنىدە شۇ ئاي-يۇلتۇزغا تەڭلىشىپ،
ئولتۇرىدۇ گۈلسۇم يالغۇز ئۆيىدە.
خىيال بىلەن ھىمىرلىگەن قاشلىرى،
نىمە ئويلار كەزمەكتىكىن كۆڭلىدە؟
سالقىن شامال قايرىپ يىپەك پەردىنى،
شىۋىرلىسا دېرىزىگە ئۆرۈلۈپ.
گويا ھىس قىپ يىگىتىنى كەلگەندەك،
قىز دەم-بەدەم قاراپ قويار بۇرۇلۇپ.

يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تولۇن ئاي،
ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئالغان جاي.
گوياكى ئۇ پاختا تېرىپ يۈرگەن قىز،
ئارىلايدۇ تاختىلارنى قالدۇرماي.
تىكىلدى قىز ئاڭا ئۇزاق زوقلىنىپ،
تەلمۈرگەندە قانماي يارى ھۆسنىگە.
ئاندىن ئىلھام ئىلكىدىكى شائىردەك،
سۆزدىن دۇرلەر تۆكتى قەغەز ئۈستىگە:
"ئاي كەزمەكتە سەيلە قىلىپ ئاسماننى،
كەڭ جاھاننى يۈركەپ ئاپياق نۇرىغا.
كەزمەكتە ئۇ، شۇ كۆڭۈللۈك سەيلىنى،
سىلىپ سىنىڭ مەشۇغۇڭنىڭ ئويىغا.
ئۇ چاغ مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ قىسىپ،
تەلمۈرگەندىڭ ئايغا، مېنىڭ يۈزۈمگە.
دىگەن ئىدىڭ: "تولۇن ئايىم سەن ئۆزەڭ،
كۆرۈنسەن ئايدىنمۇ ئۇز كۆزۈمگە".
كۆكتە تۇرۇپ يارىم سېنى كۆرگىلى،
كېلەر بۈگۈن راستىنلا مېنىڭ ئاي بولغۇم.
كېلەر ياكى شامال بولۇپ تاڭ بىلەن،
لەۋلىرىڭنى سۆيۈپ، قۇچۇپ ئوينىغۇم.
ۋىسال ئىشقى ئۆرتەپ مېنى شۇ قەدەر،
خىيالىمنى ئېلىپ كېتەر سەن ياققا.
ئارمانىمدۇر سەن بىلەن تەڭ تەر تۆكۈپ،
ئايلاندۇرۇش چۆلنى گۈزەل گۈلباققا.

گۈتەر چۈنكى زامان شۇنداق ئىشلەشنى،
ئىشلەش بىلەن قەددىمىزنى تىكلەشنى.
(ئىشلەش كىرەك تىكىپ جاننى ھەرقاچان،
كىم ئويلىسا ئۆز ئىلنى گۈللەشنى.
زامان بەرگەن شۇ مۇقەددەس ئوي-پىكىر،
چېچەك ئاچتى ھەممە يەردە بىخ سۈرۈپ.
دولقۇندا يۈكسىلىشنىڭ-ئۆرلەشنىڭ،
ئىلگىرىلىدى يېزىمىزمۇ جۇش ئۇرۇپ.
باغلار-تاغلار يېشىللىققا چۆمۈلدى،
كەڭرى ئېتىز ئاشلىقلارغا كۆمۈلدى.
كوچىمىزمۇ يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇپ،
"خالتا كوچا" دىگەن نامدىن قۇتۇلدى.
يازماق بولساڭ ئەمدى ماڭا سالام خەت،
"يېڭى ھايات كوچىسى" دەپ ياز پەقەت.
تېپىپ كىلەر پوچتالىيونمۇ بىمالال،
چەكمەي ئارتۇق بۇرۇنقىدەك رىيازەت"...
ھەرۋايىتتەك دانا-دانە قىز خېتى،
نەقىشلەندى ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
كىرپىكىدە تىزىلدى ياش تامچىسى،
ئۇ يىپىنشلاپ كۆز تىككەندە خېتىگە.
دەرسىز بەلكىم قىزنىڭ كىرسىز قەلبىگە،
نىمە خىيال سالدى يەنە مالاللىق؟
سۆزلەپ بېرەي، قىستىماقتا سۆزلە دەپ،
كەچمىشلەرگە تالىق قىسقا رىئاللىق.

*　　　*　　　*

بىللە ئۈستى تۇرسۇن بىلەن گۇلسۇم قىز،
بىر يېزىدا، بىر مەلىدە تۇغۇلۇپ.
مەكتەپكىمۇ كىردى بىللە شات-خۇرام،
ئىشلەپ كەلدى ھەم بىر دۆيدە چوڭ بولۇپ.
بەردى چەكسىز قۇدرەت ئىككى قەلبىگە،
يېڭى يېزا قۇرۇش غايە-ھەۋىسى.
جەڭ-كۆرەشلەر ئارا باردى كۆچىيىپ،
قازانسا گەر بىرسى شەرەپ ئىشىدا،
ھەر ئىككىسى ھۇزۇرلىنىپ تەڭ كۆلدى.
كۆكرەك كېرىپ، مۆرە تىرەپ مۆرىگە.
ئەڭ جاپالىق ئىشقا بىللە يەڭ تۆردى.
تەڭ تونۇلدى شۇڭا يۇرتقا ئىككىسى،
"ئىشتا قەيسەر باتۇرلارنىڭ كۆزى" دەپ.
مەدھىيلەشتى ھەۋەس بىلەن قېرىلار:
"بىر شاختىكى جۈپ غۇنچىنىڭ ئۆزى" دەپ.
يېتىپ تامام بۇ چاغ ئۇلار بويىغا،
پۈككەن ئىدى بىر-بىرىنى ئويىغا.
دۇدۇقلايتتى كۆرۈشكەندە قىزىرىپ،
چۆمۈپ چەكسىز ھودۇقۇشنىڭ قويىنىغا.
قىينار ئىدى دىمەك ئىككى يۈرەكنى،
"سۆيدۆم" دىگەن شۇ بىر سۆزنى دىمەكلىك.
ئېيتىپ تۇرسا ھەممە ئىشنى كۆزلىرى،
نىمىگىمۇ شۇنچە ۋايىم يىمەكلىك؟

ئېيتتى ئاخىر تۇرسۇن ئەنە شۇ سۆزنى،
بېرەلمەستىن چىداش پىراق دەردىگە.
يايرىدى قىز قەلبى شۇ چاغ گۈل بولۇپ،
قونغىنىدەك بۇلبۇل كېلىپ بەرگىگە.
شۇ خۇشاللىق پەيتى ئۇلار زوق بىلەن،
ۋەدىلەشتى قوش مېغىزدەك ئۆتمەككە.
ۋەدىلەشتى تاغدەك يۆلەك بولۇشۇپ،
ۋەتەن ئۈچۈن بىرلىكتە تەر تۆكمەككە.
كۈتكىنىدەك ۋەدىسىنى ئۇلارنىڭ،
كۆپ ئۆتمەستىن كەلدى يۇرتقا بىر خەۋەر.
ئۆتەر ئىكەن تۆمۈر يول بۇ يېزىدىن،
قىلىنار ئىكەن ئىشقا بارچە سەپەرۋەر.
چەكسىز شاتلىق قوزغىدى بۇ خۇشخەۋەر،
ئەلنى گۈللەش ئىشقى يانغان ھەر دىلدا.
ھاياجانغا چۆمۈپ گۈلسۇم، تۇرسۇنمۇ،
تۇغ كۆتۈرۈپ ماڭدى سەپنىڭ ئالدىدا.

* * *

سۈرگىنىدەك ئىلقىلارنى يايلاقتا،
مال ھايدىغان مەغرۇر چوپان قامچىسى.
چاراسلايدۇ كۆكتە چاقماق ۋاللىداپ،
ئۆرەدىشىپ كېلەر بۇلۇت پادىسى.
قېرىشقاندەك ئۇنىڭ بىلەن بەئەينى،
ئىشلىمەكتە بىر توپ ياشلار توختىماي.
تولغان چاقماق، كۈلكىسىگە ئۇلارنىڭ،

بۇندا چەكسىز كەتكەن تاقىر-قاقاس ساي،
بىرسى جوتۇ بىلەن يەرنى بوشاتسا،
(قورالىدىن ئالتۇن ئۇچقۇن چاچرىتىپ)،
بىرسى ئۇسار زەمبىللەرگە توپىنى،
زەمبىلچىنى قويماي قىلچە ساقلىتىپ.
تىنىم تاپماس زەمبىل تۇتقان مەرتلەرمۇ،
قاتنار خۇددى ۋاگونلاردەك تىزىلىپ.
هەر زەمبىلدە كۆچەر توپا ئۇچقاندەك،
ئويۇلماقتا يەر ئۆڭكۈردەك قىزىلىپ.
شۇ توپىدىن هاسىل بولۇپ ئۇزۇن يول،
سىلىنماقتا پولات كارۋان ئۈچۈن ئۇل.
تۇتاشتۇرار چېگرانى ئۇ بېيجىڭغا،
بولۇپ ئەلنىڭ دىل رىشتىگە سىمۋول،
هاياجانغا سالماس بۈگۈن كىمنىمۇ،
بولماق ئاشۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ هەغداسى.
ئىشلەر خۇشال تۇرسۇن بىلەن گۈلسۈممۇ،
بولۇپ ئىشتا ئىشچانلارنىڭ بەرناسى.
يۈزلىرىنى يامغۇر سۈيى بويلايدۇ،
چاچلىرىنى شامال سىلكىپ ئوينايدۇ.
ئۇسار توپا، چاپار جوتۇ بەزىدە،
قورالىنى هىچبىر يەرگە قويمايدۇ.
باتۇرلۇقتا بولدى ئىلهام باتۇرلۇق،
قىزىپ كەتتى باتۇرلارنىڭ بەيگىسى.
تالاشماقتا هەممە قىزىل بايراقنى،

قىزىل بايراق شان-شەرەپنىڭ بەلگىسى.
شەرەپ ئىچرە يەنە شەرەپ قۇچماققا،
پۈتسۇن دەيدۇ تۆمۈريولنى ئىتتىكرەك.
شۇ ئوي بىلەن قاڭچىلارمۇ تىنمايدۇ،
ئۇرار قاتتىق، چىڭ بولسۇن دەپ يەنە بەك.
كار قىلمىدى شۇڭا باتۇر ياشلارغا،
تەبىئەتنىڭ سەلدەك ياققان يامغۇرى.
ئۆسكەن ئۇلار باشتىن شۇنداق چىنىقىپ،
ياغىۋەرسۇن مەيلى يامغۇر — ئۆز يولى.

*　　　　　*　　　　　*

تۇساتتىنلا گۈمبۈرلىگەن بىر ئاۋاز،
سېكۇنت ئارا كەڭ بوشلۇققا تارالدى.
چۆچۈپ كەتتى ئىشلەۋاتقان كىشلەر،
ئالدىراشلىق شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى.
گومۇرۇلۇپ توپا ئالغان يار لېۋى،
ياتار ئىدى ئەتراپلارغا يېيىلىپ.
سانجىلغاندەك گويا خەنجەر باغرىغا،
چۆچۈپ ھەممە كەلدى دەرھال يېپىلىپ.
ئاھ دەۋەتتى قاراپ ھەممە ئۇ يەرگە،
ۋۇجۇدىدا بولدى چاقماق چاققاندەك.
كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى،
يەر تەۋرىنىپ، سۇلار تەتۇر ئاققاندەك.
كۆز چىدامدۇ قارىغىلى ئۇ يەرگە،
تىل چىدامدۇ بولغان ئىشنى ئېيتقىلى.

قالغان ئىدى بىزنىڭ گۈلسۈم بېسىلىپ،
قىستى دەمنى ۋەھىمىنىڭ شۇم قولى.
گۈلسۈم ـ گۈلسۈم! ـــ دەپ ھەممە تاشلاندى،
چاناقلىرى يامغۇرسىمان ياشلاندى.

* * *

ئەنە ئاشۇ كۈنى قىزنىڭ ئوڭ پۇتى،
سۇنغان ئىدى نەق تىزىدىن قايرىلىپ.
يېتىپ چىقتى بالنىتسىدا ئىككى ئاي،
قالدى ئۇزۇن زامان ئىشتىن ئايرىلىپ.
ئۆكۈنسىمۇ قىز بۇنىڭغا بەزىدە،
يولاتمىدى قىلچە ھەسرەت قەلبىگە.
دەيتتى: بولماس كۈرەش ئەسلا چىقىمسىز،
چىقىم بەرمەي كىم ئېرىشسۇن غەلىبىگە.
بولسا ياردار جەڭدە مەرتلەر ئوق تېگىپ،
ئاتلىنىدۇ يەنە جەڭگە ساقىيىپ.
ئوخشار مېنىڭ قىسمىتىممۇ ئۇنىڭغا،
كۆتۈنۈشۇم كېرەك جەڭگە راسلىنىپ.
سۆيۈنەتتى تۇرسۇن ئۇنىڭ سۆزىدىن،
قەيسەرلىكنىڭ ئوتى يانغان كۆزىدىن.
بولمىغاندا شۇنداق جىگەر ـ ئىرادە،
سۈرەلەمدۇ دەرتنى يىراق ئۆزىدىن.
تىكىلگەنچە مەشۇقىغا زوقلىنىپ،
سۆزلەپ كەتتى تۇرسۇن بۈگۈن شوخلىنىپ:
ـــ "يەتكۈزىمەن گۈلسۈم ساڭا خۇشخەۋەر،

ئايرىلمىز بىرئاز زامان بىراقتا.
چىدالامسەن جۇدالىققا ـ پىراققا.
ماڭماقچىمەن گۈللىتىشكە تارىمنى،
بىر جەڭگىۋار دۈينى باشلاپ يىراققا“
شۇنچە دەرتكە چىداپ كەلگەن گۈلسۈمگە،
جۇدالىقنىڭ بۇ سائىتى تەس كەلدى.
توسۇمىدى بىراق ئۇنى يولىدىن،
ھىجران ئوتى ئەل ئىشقىدىن پەس كەلدى.
شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىچكى دەردىنى،
ئەكس ئېتىش تەس ئاپتۇرنىڭ قەلىمى.
قىينار ئىدى جۇدالىقتىن بەكەرەك،
سەپتىن چۈشۈپ قالغانلىنىڭ ئەلىمى.
بىراق قانچە ئۆكۈنسىمۇ نە ئامال،
ئۇنى ئاغرىق قىلدى ئۆيگە چىڭ قامال.
تاشلىدى ئۇ پەقەت قولتۇق تاياقنى،
بىر قىش ئۆتۈپ ئاچقاندا ياز گۈل جامال.
بولۇپ باھار ھاۋاسىغا ئىنتىزار،
چىقتى گۈلسۈم شۇندا ئاقساپ تالاغا.
قايناپ تاشتى ئىش ئەمگەككە غۇرۇرى،
قاراپ قۇياش ئىللىتقان كەڭ دالاغا.
باردى تەشكىل ئالدىغىمۇ نەچچە رەت،
يارىم كەتكەن يەرگە مەنمۇ باراي دەپ.
گۈزەل ياشلىق باھارىمنىڭ تەپتىنى،
كۆركەم ھايات باغچىسىغا چاچاي دەپ.

لېكىن رۇخسەت بىرىلمىدى زادىلا:
— "تارلىق قىلىپ قالماس سىزگە بۇ دالا.
ئىشلەپ تۇرۇڭ تاللاپ يەڭگىل ئىشلارنى،
قىلسا ئەمگەك ئىشقى سىزنى مۇپتىلا.
ساقايغاندا سەللىمازا پۇتىڭىز،
ئۆزىمىزلا يولغا سېلىپ قويىمىز.
شۇنىغىچىلىك ئارام ئېلىڭ كۈتۈنۈڭ،
شۇدۇر بىزنىڭ سىز توغرۇلۇق ئويىمىز."
قىز مەھكەملا تۇرماق بولۇپ سۆزىدە،
بىر تەنتەكلىك سەزدى لېكىن ئۆزىدە.
راست ئەمەسمۇ باشلىقلارنىڭ سۆزلىرى،
كۆرۈپ تۇرار ھەقىقەتنى كۆزلىرى.
ئەگەر قويۇپ بەرسە قىزنىڭ مەيلىگە،
مۇمكىن قوشۇپ ئېلىشى دەرت-دەردىگە.
ئاسانمىدى پۇتنىڭ سۇنۇپ تۇتمىغى.
سۇنۇق پۇتقا تەييار خەتەر چوقمىغى.
ياخشى قىلدى قىپقىلىپ قىز بۇ نۆۋەت،
بۇ توغرۇلۇق يىگىتمۇ يازغان خەت.
شۇ سۆزلەردىن ئەل قەلبىنى كۆرگەچكە،
كۆڭلى ئىمىن تاپتى بۇندا ئىشلەشكە.
شۇندىن بېرى خەت يازدۇ يىگىتكە،
"ئورۇنلاشتىم، — دەپ — كۈندىلىك گېزىتكە".
شۇنداقتىمۇ چىققىنى يوق پۇخادىن،
دىلدا ئوينار تىڭغا بىرىش ئارمانى.

شۇندا ھەرۋاق خەت يازغاندا يارىغا،
ئۇھ تارتىدۇ كېلىپ پۈتى يادىغا.

* * *

ئۆتتى كۈنلەر ئەنە شۇنداق تىزىلىپ،
يېڭى ھايات چارقىن ئالغا سىلجىتىپ.
قىز يىگىتكە خەت يازىدۇ ئايسېرى،
يالقۇنلىنىپ قىز قەلبىگە خاس سېرى.
قىزمۇ بۈگۈن تۇرسۇنجاندىن خەت ئالدى،
لىپاپىنى ئېچىپ خەتكە كۆز سالدى.
ئوقۇدى ئۇ قويۇپ پۈتكۈل زېھنىنى،
سالام ساڭا! — دەپ باشلاپتۇ گېپىنى.
ھاياجاندا ۋىلىققىدە كۈلدى-دە،
ئۇچۇپ كەتتى قۇردىن-قۇرغا كۆزلىرى.
كۆڭلىدىكى تۇمانلارنى تارقاتتى،
شامال بولۇپ يىگىتنىڭ سۆزلىرى:
...يېڭىلىقلار يازاي مەنمۇ بىر باشتىن،
يۈرىگىممۇ تىنىم تاپماس يازماستىن.
كۈيلىمەككە بۇ يېڭى يۇرتۇمنى،
تۇرالمايمەن سۆزدىن دۇرلار قازماستىن.
بۇ يەر ئىدى ئەسلى قۇملار ماكانى،
بوران بولسا ئۇنىڭ ئەركىن خاقانى.
قۇرۇلاتتى كۆككە توۋرۇك قويۇندىن،
يوقتى يانتاق، يۇلغۇنلارنىڭ پايانى.
تارتىپ ئېلىپ كۆزىمىزگە كۆزەينەك،

ئىشلەپ يۇردۇق بىرنەچچە ۋاخ قۇم كېچىپ،
ھۇۋلار ئىدى شامال قۇرغۇر پات-پاتلا،
غەزەپ بىلەن كۆزىمىزگە قۇم چېچىپ.
لېكىن ئاكا باش ئەگمىدۇق زادىلا،
قانال قېزىپ تارىم سۈيىنى باشلىدۇق.
رەت-رەت قىلىپ كۆچەت تېكىپ قۇملۇققا،
بىر چىرايلىق باراقسان باغ ياسىدۇق.
بېغىمىزدا رەڭدار گۈللەر ئېچىلىپ،
بۇلبۇل قۇشلار چەرىخ ئۇرۇپ سايرىشار.
يولۇچىلار ماشىنىدىن بوي سوزۇپ،
زوقى كېلىپ قىزىقسىنىپ قارىشار.
قايناپ تېشىپ خۇشاللىغىم دىلىمدا،
ئارىلىسام سۇرۇپ باغنىڭ پەيزىنى.
يېشىل ياپراق ئارا قىزىل ئالمىلار،
ئەسلىتىدۇ يارىم سېنىڭ مەڭزىڭنى،
كۆتۈرەلمەي مېۋىسىنى شاپتۇلمۇ،
گويا قېشىڭ ئەگمىسىدەك ئېگىلگەن.
ئالۇچىلار رەڭ تۈزىگەن لېۋىڭدەك،
ئاكا رىشتىم گويا يىپسىز چىگىلگەن.
شۇلار بىلەن، تۇرغىنىڭدەك يېنىمدا،
مەن ئۆزەمنى شۇنچە مەغرۇر سېزىمەن.
خىيالىمدا قول تۇتۇشۇپ سەن بىلەن،
پايانسىز كەڭ ئېتىزنىمۇ كېزىمەن.
بۇ ئېتىزلار شۇنچە ھەيۋەت شۇنچە كەڭ،

دەرسەن بەلگىم دېگىز بىلەن ئۇنى تەڭ.
رەڭدارلىقتا زىلچە ئاڭا مەھلىيا،
ئۇ گويا توز قانىتىدەك رەڭمۇ-رەڭ.
مول ھوسۇلدا بەسلەشكەنىدەك ئۆزئارا،
جۇلالىنىپ ئۆسكەن ھەر خىل زىرائەت.
"مول ھوسۇلنىڭ ماكانىكەن-كانىكەن"
دەيدۇ ئۇنى قىلسا ھەركىم زىيارەت.
قوزغاپ يەنە كۆڭۈللەرنىڭ زوقىنى،
سىپلىنماقتا يەنە ھەر خىل ئىمارەت.
توپ-توز يوللار بىر-بىرىگە تۇتاشقان،
قاسنىغىدا دەل-دەرەخلەر رەتمۇ-رەت.
كېچىلىرى يەرگە قونغان يۇلتۇزدەك،
ئېلېكتىرلەر نۇر چاچىدۇ ۋالىلداپ.
ئۇنىڭ پارلاق نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ،
ئىشلىمەكتە ياش يۈرەكلەر ۋاچىلداپ.
تۆمۈر بىلەن يوغارغاندەك قوللىرى،
تاشقا تەگسە ئۇنى ئىككى يارىدۇ.
پارتىيەمدىن ئېلىپ پۈتمەس كۈچ-قۇۋۋەت،
پەيتى كەلسە تاغنى كۆككە ئاتىدۇ.
شۇ سەۋەپلىك سەلتەنەتلىك بىنالار،
قەد كۆتەردى كۆك ئاسمانغا بوي تىرەپ.
تاڭدا ئىشقا ئويغىتىدۇ گۇدۇكلار،
ئاپپاق تۇتۇن پۇرقۇرۇتۇپ ھۆركىرەپ.
بۇلار تېخى ئىشىمىزنىڭ تۇنجىسى،

چۇشەر يەنە زاۋۇتلارنىڭ قانچىسى.
چۈنكى بىزنىڭ قەدەم يەتسە قەيەرگە،
ئايلىنىدۇ شۇ يەر بوستان شەھەرگە.
ئەگەر ۋاقتىڭ يەتسە جەزمەن بىر كەلگىن،
يېڭى ياشناپ ئۆسكەن باغدىن گۈل تەرگىن.
ئويناپ كۈلۈپ مۇزىزارلىق ئىچىدىن
يېڭى - يېڭى خىللىرىنى ئېپ كەلگىن...“
ئوقۇپ خەتنى قىز يۈرىگى شۇ باغدەك،
نەقىشلىنىپ يىڭى ھېسقا لىق تولدى.
قەتئى بارماق بولۇپ، خەتنى كۆتۈرۈپ،
قاراپ گۈڭشې بىناسىغا يول ئالدى.
ئىتتىك - ئىتتىك ئالغا قەدەم تاشلار قىز،
يۈزلىرىدە شىجائەتلىك جىددى ئىز.
گوياكى ئۇ بارار شۇ ئان چېلىشقا،
خۇددى جاھىل بىر قورغاننى ئېلىشقا.
”ھوسۇل بەرسە كۆچەتلىرىم چوڭ بولۇپ،
خەلقىم ئۇنى يىسە مەندىن خوش بولۇپ، —
دەر ئىدىمەن، — بىكارغىلا ھاياتقا،
كەلمەپتىمەن مەنىسىزلا ياشاشقا...“.
ھاياجاندىن قىز خىيالى جۇشقۇنلاپ،
قەلبى ئاتەش قۇچىغىدا يالقۇنلاپ.
يەتمەي تۇرۇپ تېخى مەنزىلگاھىغا،
دىدى باشلىق: گۈلسۇم سىزگە خۇشخەۋەر،
قۇچاق ئاچتى تارىم سىزگە بۇ سەپەر.

ئاھ ھا! دەپلا سەكرەپ كەتتى گۈلسۇم قىز،
رۇخسارىغا شاتلىق تۇيغۇ سالدى ئىز.

*　　　*　　　*

گۈپ-گۈپ قىلىپ يۈرەر پويىز ئىلگىرى،
تاقۇر-تۇقۇر رېلىس سانار چاقلىرى.
گۈلسۈم خۇشال ئولتۇرىدۇ شاتلىنىپ،
كەتكەن ئويى قۇش بولۇپ تىڭغا ئاتلىنىپ.
كۆز ئالدىدا ئەنە ھەر خىل ئىمارەت.
تەقى-تۇرقى گويا نۇردىن ئىبارەت،
ئەنە چەكسىز ئېكىنزارلىق كەڭ دالا،
خۇددى چەكسىز دېڭىزغا تەڭ ھەر سالا.
ئەنە گۈللەپ نۇرغا تولغان گۈزەل باغ،
مېۋىلىرى مەي بوپ پىشقان سېرىق ياغ.
شات بۇلبۇللار سوزۇپ-سوزۇپ سايرىشار،
شوخ ئاۋازى كەڭ جاھاننى ياڭرىتار.
مەھكەم تۇتقان گۈلسۈم تۇرسۇن قولىنى،
سۇرۇپ گۈزەل مەنزىرىلەر زوقىنى.
قانال سۈيى شار-شار ئېقىپ تىنمايدۇ،
قايناق ھايات كۈيىنى ئۇ كۈيلەيدۇ.
تۈزلەڭلا پاتتى بىر چاغ زەر قۇياش،
قاپلىدى يەر-كۆكنى شەپەق بىر تۇتاش.
ھاياجاندىن باسالماستىن ئۆزىنى،
تىكەر ئىمىش گۈلسۈم ھەر يان كۆزىنى...

1960-يىل ئۈرۈمچى.

## باتۇرلارغا مەدھىيە

—— نىيە "18-ئاۋغۇست سۇ قۇرۇلۇش مەيدانى" جەڭچىلىرىگە بېغىشلايمەن.

تاغلار ئارا قىيىغىتىپ،
گويا ياڭراق كۈي ئېيتىپ،
قۇملۇقتىكى نىيىگە،
كەلدى زۇمرەت سۇ ئېقىپ.
سۇ — قان، سۇ — جان، سۇ بىلەن،
مايسا ياشنار يېتىلىپ،
دەشتى چۆللەر كۆكىرەر،
گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ.
كەلدى سۇ، كەلدى باھار،
كۈلدى نىيە شاتلىنىپ.
كۈلدى تاغلار، گوبىلار،
بۇ شاتلىققا قېتىلىپ.
ئۇچتى شۇندا خىيالىم،
قاناتلىنىپ ئۇزاققا.
قاتتىم بۈگۈن شوخلاشقا،
باتۇرلارنى قوشاققا.

* * *

نىيە ئىدى ئۆتمۈشتە،
سۇسىز قۇملۇق، قاقاس ساي.

قىشى قارسىز ئۆتەتتى،
يازدا يامغۇر تامچىماي.
چىقسا بوران گۇركىرەپ،
قۇم ئۇچاتتى توختىماي.
چاڭقاپ سولغان زىرائەت،
كەلگەن ئاشلىق ئوخشىماي.
زالىملارنىڭ زۇلمىغا،
سۇ قىسلىغى قېتىلىپ،
تالاي يوقسۇل پۇتىغا،
قوشلاپ كىشەن سېلىنىپ،
بولغان ئۇلار ھەممىسى،
پومىشچىككە قۇل-مالاي.
ئاشۇ زۇلمەت ئىچىدە،
ۋەيران بولغان ھەممە جاي.
قۇياشىمىز گۇڭچەنداڭ،
يورۇتقاندا ئېلىمنى.
قەد كۆتەردى نىيىلىك،
قۇچتى شاتلىق دىلىنى.
سىقتى ئۇلار تەييار تاپ —
پومىشچىكنىڭ گېلىنى.
ئالدى ھىساپ بىر-بىرلەپ،
كۆيدۇردى يەر خېتىنى.
قۇچتى شاتلىق-خۇشاللىق،
شۇندىن باشلاپ نىيىنى.

قىزدىتتى ئەل ھەر سەپتە،
يۈكسىلىشنىڭ جېڭىنى.
ھەر قەدەمدە ياراتتى،
كۈرەش بىلەن يېڭىنى.
گۈللەندۈردى تەر تۆكۈپ،
سوتسىيالىستىك نىيىنى.

لېكىن باتۇر نىيىلىق،
قىلمىدى ھېچ قانائەت.
"قانائەتلىك، مەغرۇرلۇق" —
دەيتتى، — ئېغىر جىنايەت.
قۇم-بورانىنىڭ يوللىرى،
توسالغىنى يوق تېخى.
ھەل بولمىدى تەلتۆكۈس،
تېخى سۇنىڭ قىسلىغى.
مول ھوسۇلغا سۇ بولماي،
قىلىپ بولماس كاپالەت.
بولالمايمىز خاتىرجەم،
يۈكسەلەلمەي تەبىئەت.
قاراڭ ئېسىل نەقەدەر،
بىزنىڭ يېڭى جەمىيەت!
يۈكسىلىشكە داغدام يول،
ئۇچۇق بىزگە تا ئەبەت.
تولدى زەپەر كۈيىگە،

ۋەتىنىمدە ھەر تەرەپ،
مۆجىزىلەر گۈللىرى،
پۇراق چاچتى چېچەكلەپ.
گۈگچەنداگغا ئەگىشىپ،
ماگىمىز بىز ئىلگىرىلەپ.
كۈرەش بىلەن ۋەتەنگە،
كەلتۈرىمىز شان ـ شەرەپ...“

*            *            *

ئەمگەكچىلەر قەلبىدە،
تاشتى غەيرەت جۇش ئۇرۇپ.
كەلتۈرمەككە تاغدىن سۇ،
ئۇيۇشتى چوڭ سەپ بولۇپ.
تۇتۇپ قىزىل بايراقنى،
ماگدى ئۇلار روھلىنىپ.
كۆرۈپ ئۇنى بەزىلەر،
ھەسەت قىلدى ئۆرتىنىپ.
تاپتى پىتنە ـ ئىغۋانى،
دىدى: ”بىر چاغ بۇ يەردىن،
خىزىر ئۆتكەن يول يۇرۇپ.
ئۇسساپ كېتىپ ھىچكىمدىن.
سۇ ئالالماي يالۋۇرۇپ.
قاغاپتىمىش ئاخىرى،
دۇئا ـ ئەپسۇن ياغدۇرۇپ.

شۇندا نىيە چۆللىشىپ،
قاپتۇ قۇمغا ئۇرۇلۇپ.
شۇندىن بېرى نىيىلىق،
ئۆتكەن سۇغا زار بولۇپ.
سۇ ئاقمايدۇ شۇڭلاشقا،
ئېرىقلارغا لىق تولۇپ.
ھەركىم ماڭسا سۇنى دەپ،
كېتەر ئىمىش قۇم يۇتۇپ...“
تۇسالمىدى مەرتلەرنى،
بۇ ئەپسانە كونىلىق.
"يېڭى زامان ئەھلى بىز، —
دەيتتى، — ئۇلار روھلىنىپ.
— ئىشەنمەيمىز خىزىرغا،
روھانىلىق بىزدە يوق.
قورقىتالماس تەبىئەت،
قىلغان بىلەن قانچە دوق.
چۈنكى تۇرار پارتىيە،
يولىمىزنى يورۇتۇپ.
شۇڭا چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت،
قاينار بىزدە جۇش ئۇرۇپ.
گۈل-چېچەككە ئورايمىز،
بۇ زېمىننى يەڭ تۇرۇپ.
تاغ-دەريانى رەتلەيمىز،
دىتىمىزغا ياقتۇرۇپ.

ئېپ كېلىمىز سۇلارنى،
ئۆستەڭلەردىن ئاقتۇرۇپ.
شۇندا قالار ئىغۋالار،
ئالدىمىزدا مات بولۇپ...“
كەتتى مەرتلەر شات ـ خۇرام،
قىزىل تۇغنى ئۈينىتىپ.
ياڭراق ناخشا كۈينى،
ئاسمان پەلەك بويلىتىپ.

* * *

ئۇچۇپ بارار قىزىل تۇغ،
چەكسىز چۆلدە لەپىلدەپ.
بارار مەرتلەر شىددەتتە،
قۇمنى يېرىپ ئىلگىرىلەپ.
بارار ئالغا ـ جەنۇپقا،
كۆڭلىنى مۆلچەرلەپ.
تۇرار ئۇ تاغ ھەيۋەتتە،
كۆك ئاسمانغا باش تىرەپ.
كۆمۈپ ئۆتەر قېلىن قار،
قىشتا ئۇنىڭ ئۈستىنى.
كەلگىنىدە ياز پەسلى،
سۇ قاپلايدۇ كۆكسىنى.
ئاقار سۇلار كۆۋۈەجەپ،
نۇزلەڭلەرگە ئۆركەشلەپ.

ئايلاندى زور سايلارغا،
تالاي يەرلەر شۇ سەۋەپ.
بەرگىنى يوق ۋە لېكىن،
نىيىغا ئۇ تۈزۈك نەپ.
چۈنكى سىڭەر يول بويى،
قۇم ئىچىگە بىر-بىرلەپ.
قالار ئىدى ئاخىرى،
ئۇچۇم بىلەن ئىچكۈدەك،
سۇغا بولغان تەشنالىق،
ئاشقان شۇڭا ھەسسىلەپ.
كوئىنلۇنغا تەلمۈرۈپ،
كەلگەن نىيە ئەسىرلەپ.

ئەسلەپ مەرتلەر يول بويى،
شۇ ئىشلارنى بىر-بىرلەپ.
يېڭى ئىستەك ئارزۇدا،
كەتتى قەلبى ئۆركەشلەپ:
"نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك،
قارا دوستۇم كىلىچەك.
يېڭى دەۋر ئاچىمىز،
تارىخنى بىز يەكۈنلەپ.
سۇسىز ئۆتكەن شۇ كۈنلەر،
قالار ئۇ چاغ بوپ چۆچەك.
يېڭى داستان يارىتار،
بىزلەر تۆككەن تامچە تەر.

چۆلدە ئىچىپ گۈل ـ چېچەك،
شۇ چاغلارنى ئەسلىسەك.
لېكىن كەلمەس ئۇ ئۆزى،
بىز غەيرەتكە كەلمىسەك.
بولۇپ غالىپ ئاۋانگارت،
قۇردۇق مانا قىزىل سەپ.
ئەگدۈرىمىز ئەلگە باش،
كوئىنلۇننى چىڭ دەسسەپ...“

قالدى ئارتتا تالاي چۆل،
قالدى تالاي دالا ـ تۈز.
بارار مەرتلەر شىددەتتە،
كوئىنلۇنغا تىكىپ كۆز.
كۈن تەپتىدىن قىزىپ چۆل،
ئوت چاچاتتى ئۈزلۈكسىز.
قۇرۇپ دىماق ھەم ئېغىز،
كەتتى يېرىلىپ قول ھەم يۈز.
چېكىنمىدى ئارقىغا،
جاسارەتلىك ئوغۇل ـ قىز.
يېڭىپ بارچە توسقۇننى،
ئىلگىرىلىدى ئالغا تېز.

* * *

كوئىنلۇننىڭ باغرىغا،
كېلىپ ئۇلار ئالدى جاي.

بۇ جاي ئىدى تىك چوققا،
ئارىسىدىن ئۆتكەن ساي.
يوقتۇر بىر توپ دەرەخمۇ،
بۇندا سايە بولغۇدەك.
يوقتۇر قۇشلار ناۋاسى،
يوقتۇر ئوت-چۆپ گۈل-چېچەك.
باقساڭ قايسى تەرەپكە،
تاشلار ياتقان چېچىلىپ.
ئاقار سۇلار شارقىراپ،
چوڭ تاشلاردىن سىرىلىپ.
سۆزلىشەتتى بەس-بەستە،
ياشلار سۇغا كۆز تىكىپ:
(بۇ ئاۋازدىن تاغ-دالا،
كەتتى شۇندا سىلكىنىپ).
"پارتىيىنىڭ لۇشيەنى،
يۈكسىلىشكە يول ئاچتى.
ئۆز كۈچىگە تايىنىش،
كۈچىمىزگە كۈچ قاتتى.
بولسىمۇ تاغ قانچە چوڭ،
ئىرادىمىز ئاندىن زور.
سۈيىگىمىز تاشتىن چوڭ،
جۈپ قولىمىز ئالماستۇر.
تاغ-دەريانى رەتلەشكە،
كەلدۇق دادىل ھەركەتكە.

ئۆزگەرتىمىز زېمىننى،
يۈيگۈگىدەك چوڭ غەيرەتتە.
ئېرىپ بارىمىز سۈزۈك سۇ،
تېشىپ قورام تاشلارنى.
يارىتىمىز چۆللەردە،
ئېتىز-ئېرىق باغلارنى.
توختىمايمىز كۈرەشتە،
يەتمەي ئەسلا مەقسەتكە.
كۈرەش بىلەن ۋەتەننى،
ئورايمىز شان-شەرەپكە"

ئۆرۈلدى تاغ كۆكسىگە،
پولات بازغان جاقىلداپ.
قورام تاشلار يېرىلدى،
چەك-چېكىدىن ۋاقىلداپ.
ئۆتتى كۈنلەر، ھەپتىلەر،
بىر-بىرىنى قوغلىشىپ.
نۇرغا چۆمدى تاغ باغرى،
قىزىل تۇغقا پۈركىنىپ.
ئىشلەر ئەدى باتۇرلار،
توختىماستىن روھلىنىپ.
يۈكسىلىشكە يول ئاچقان،
زامانىدىن زوقلىنىپ.
لېكىن تەستۇر ھەر ئىشنىڭ،
تىنىق سۈدەك ئۆتمىگى.

بارغۇ ھەتتا توينىڭمۇ،
كەينىدىن سۆز-چۆچىگى.
ئەلۈ غەلىبىسى قىلدى خۇن،
بەزىلەرنىڭ دىلىنى.
چىقتى ئۇلار توسماققا،
باتۇرلارنىڭ جىگىنى.
دىدى ئۇلار ئۆزىچە،
قاتۇرغاندەك بولۇپ باش:
"ئون نەچچە يول سوزۇلغان،
كۆكنى قۇچقان قۇرام تاش.
تىشىپ ئۆتمەك ئۇ قاتقا،
ئۇنى جوتۇ-بازغاندا.
يىگىنە بىلەن گوياكى،
تەڭدۇر قۇدۇق قازغانغا.
قىلىپ ئارتۇق قاراملىق،
تاپمايلى ساق باشقا غەم.
قويايلى بىز بۇ ئىشنى،
خام خىيالغا بولماي يەم..."
ئاڭلاپ بۇنى باتۇرلار،
كەلدى چەكسىز غەزەپكە.
ئاڭا قارشى زور يالقۇن،
يامىردى ھەر تەرەپتە.
"بىز ئەمگەكچى دىخانلار،
قورقماس باتۇر، ئوت يۈرەك.

ئوت ئاچىمىز توسقۇنغا،
قارشى كىرىپ كەلگ كۆكرەك.
چۈشسە غۇلاپ گەر ئاسمان،
تۇرغۇزۇشقا قادىر بىز.
قوللىرىمىز گاك پولات،
ھەممە ئىشقا ماھىر بىز.
مانا مۇشۇ قوللاردا،
ياراتقان بىز نىمىنى.
ئاشلىق تەرگەن، باغ قىلغان،
توسۇپ قۇملار يولىنى.
قەد كۆتەرگەن سانسىزلاپ،
ئۆيلەر مۇشۇ قوللاردا.
پۈتكەن ئىدى تالايلاپ،
يوللار مۇشۇ قوللاردا.
لېكىن كونا جەمىيەت،
ئەزگەن بىزنى قۇل قىلىپ.
تارتىۋالغان ھەممىنى،
زومىگەرلەر چاك سىلىپ.
قۇياشىمىز گۇگچەنداك،
بىزگە بەخت كەلتۈرۈپ.
خوجا بولدۇق دۆلەتكە،
قەد كۆتۈرۈپ دەس تۇرۇپ.
دەيمىز شۇڭا ۋەتەننى،
گۈللەندۈرۈش ئەھدىمىز.

تەر تۆكمەكلىك بۇ يولدا،
بىزنىڭ شەرەپ-بەختىمىز.
ياتتۇر بىزگە جاپادىن،
قېچىپ شۇنداق زارلىنىش.
بېرەر بىزگە چەكسىز كۈچ،
ئۆز كۈچىگە تايىنىش.
يېرىپ بارچە توسقۇننى،
يۈكسىلىمىز مەڭگۈ بىز.
تاغنى تالقان قىلىمىز،
يۈيگۈك بولۇپ ھەممىمىز.
ئالالمايدۇ ياچىۋەك،
توسۇپ ھەرگىز ھارۋىنى،
يەنچىپ ئۆتەر توسقۇننى،
دەۋرىمىزنىڭ كارۋىنى."

قەھرىمانلار تېخىمۇ،
جاسارەتتە تۇردى يەڭ.
تاغ ئېچىنى قاپلىدى،
قايناق كۈرەش، قايناق جەڭ.
بەردى داڭۋېي ئۇلارغا،
ئىلھام ھەمدە كۈچ-مەدەت.
قىلالمىدى قىلچە كار،
شۇڭا جاپا-مۇشەققەت.

شۇجى كېرىپ كۆكسىنى،
ئەڭ ئالدىدا باراتتى.
قورقماي جاپا-ئۆلۈمدىن،
دائىم ئۇلگە ياراتتى.
ئىلگىرىلىدى كەينىدىن،
ھەممە چەكسىز غەيرەتتە.
گويا مىليون ئارغىماق،
يۈگۈرگەندەك شىددەتتە.
يېڭەلمىدى ئۇلارنى،
بوران-چاپقۇن، ئىسسىق-سوغ.
كېچە كۈندۈز لەپىلدەپ،
تۇردى سانسىز قىزىل تۇغ.
شۇڭا ئاخىر غەلىبىلىك،
پۈتتى ھەيۋەت تەشمىلەر.
باتۇرلارنىڭ يولىغا،
چاچتى ئۈنچە-چەشمىلەر.

* * *

مانا بۈگۈن تاغ ئارا،
كەلدى ئېقىپ زۇمرەت سۇ.
تەشنا بولغان چۆللەرگە،
ئۆز باغرىنى ياقتى ئۇ.
خۇشال بولۇپ بارچە ئەل،
تىكتى سۇغا كۆزىنى.

ئېيتالمىدى بىر مىنۇت،
ھېچكىم يۇرەك سۆزىنى.
لېكىن دىلدا ئۇرغۇيتتى،
سانسىزلىغان ئوتلۇق سۆز.
ھەر قەلبتە ناخشا ـ كۈي،
گويا چەكسىز بىر دېڭىز.
يىغىنچاقلاپ شۇڭلاشقا،
ھەممىنى بىر جۈملىگە.
دېدى: ”ياشا گۈگچەنداڭ،
ياشا ـ ياشا مەڭگۈگە!“
ياڭراپ كەتتى ھەر ياققا،
خۇشاللىقنىڭ ساداسى.
قاپلاپ كەتتى پەلەكنى،
ناغرا ـ سۇنناي ناۋاسى.
چۈنكى كۈلدى شۇ تاپتا،
ئەسىرلەرنىڭ ئارمىنى.
شۇ ئارمانغا يەتكۈزدى،
گۈگچەنداڭنىڭ دەۋرانى.
بولدى بارلىق ئەمگەكچى،
ئازات دەۋر پەلۋانى.
شۇڭا قۇچتى نىيىنى،
گۈلباھارنىڭ جەۋلانى.

1972 ـ يىل 4 ـ ئايدا نىيە سۇ قۇرۇلۇشى مەيدانىدا يېزىلدى.

# توكۇلاڭ ئاۋازى

## (مۇقەددىمە)

جاراڭلىدى توكۇلاڭ زەپ يېقىملىق،
سىلىپ يەنە كەڭ دالانى لەرزىگە.
قۇچتى شۇدەم لەۋلەرنى خۇش تەبەسسۇم،
چۆمدى ئېتىز گويا شاتلىق پەيزىگە.

كەتمىنىگە تايانغانچە قېرىلار،
شۇ تەرەپكە خۇشال كۈلۈپ بېقىشتى.
تۇتالماستىن ئۆزلىرىنى يىگىتلەر،
شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇقتەك چېپىشتى.

توكۇلاڭچى كەلدى ئېتىز بېشىغا،
ئورىۋالدى شۇ ئان ئۇنى كۆپ كىشى.
ئامانلىشىپ ھەممە سوئال قويۇاتتى،
ھەيرانلىقتا سالغاچ ئۇنىڭ كېلىشى،

سەللىمازا ساقايدىمۇ يارىڭىز؟
ئاخىر، چىقتىم بالنىتسىدىن بۈگۈن دەڭ.

دەم ئالماستىن يەنە ئىشنى باشلاپسىز،
ياتسىڭىزچۇ بىرقانچە كۈن، ھەي ئەتتەڭ!

ھاجەتسىز دەپ توكۇلاڭچى شات كۈلدى،
چىدامدۇ دىل كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈپ.
ھەركەت بىلەن ئۆتكەن بىزدەك كىشىلەر،
ئوڭدا يېتىپ كېتەلەمدۇ سوزۇلۇپ؟

كۈلۈپ كەتتى ھەممە ئۇنىڭ سۆزىدىن،
زوق ئەيلىشىپ ئىرادىسى-روھىغا.
ئېيتتى بىردەك ئاڭا دىلدىن ئاپىرىن،
ئۆرلەيمىز، دەپ، تىنماي سەندەك چوققىغا.

شۇ ئۇچرىشىش بولۇپ يارقىن بىر ماۋزۇ،
قەلەم ئالدىم سۆزىدىن دۇرلار قازماققا.
دىلدا ياندى يېڭى ئىستەك ھەم ئارزۇ،
توكۇلاڭچىنىڭ ئىش ئىزىنى يازماققا.

## بىرىنچى باپ

## توكۇلاڭچى

ئۇ توغرۇلۇق سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى
بولغاي بايان يېزىمىزنىڭ تەسۋىرى.

بەلكىم تونۇش سىزگە بۇ يەر ۋە ياكى
تونۇشتۇرغان باشقىلارنىڭ ئەسىرى.

بىر يېزىكى كوئىنلۇننىڭ باغرىغا،
گۈلگە قونغان كېپىنەكتەك ياراشقان.
ئەتراپى قۇم ئۆزى بوستان-باراقسان،
باغلىرىدىن بۇلبۇل كەتمەي سايراشقان.

چوڭ تۈزەشنىڭ قايناق كۈرەش دولقۇنى،
ئۆز قوينىغا ئالغان يىگىت-قىزىنى.
چارۋىسى ھەم زىرائىتى بوپ قانات،
كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرغان شۇ يېزىنى.

كۈندە زەپەر خەۋەرلىرى گۇڭشېغا،
بېرىپ تۇرار مۇشۇ خىلۋەت يېزىدىن.
بىر دادۈيدىن ئىبارەتلا بۇ يېزا،
قارار بازار گۇڭشېسىغا خېلىدىن.

قۇملۇق-غىلىڭ ساي شەھەر-يېزا ئارىسى،
بەش سائەتسىز يېتەلمەس ئات ھارۋىسى.
بىلىنمەيدۇ بۇ يىراقلىق ھېچقاچان،
بولغاچ ئورتاق ئەلنىڭ ئارزۇ-غايىسى.

توكۇلاڭچى دەپ ئاتالغان كىشىمىز
شۇ دادۈيدە ئۆلگىلىك مال ساتقۇچى.

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا،
ئۆز خىزمىتى بىلەن تۆھپە قاتقۇچى.

ئەنەيكا دەپ ئاتايدۇ بۇ دادۇيدە،
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر شۇ كىشىنى.
قىرىقلاردا دەيسەن قاراپ تۇرقىغا
ئەللىكتىن كەم ئېيتمايدۇ ئۇ يېشىنى.

تەن بەرمەيدۇ ياشانغانغا بىراق ئۇ،
قېرىلىقنىڭ ئۆلكىدىن يىراق ئۇ.
ئىشتا چەبدەس، ئۆزى يۇۋاش-مۇلايىم
ئۆز كەسپىگە چىن قەلبىدىن ئامراق ئۇ.

ئېتىز-قىرلار ئارا خۇشال مال سېتىپ،
ئۆتكۈزىدۇ تۆت پەسىلنى بىر كۈندەك.
لەۋلىرىدە ئىللىق كۈلكە-تەبەسسۇم،
توكۇلاڭى ياڭرار خۇددى ساز-كۈيدەك.

خېرىدارغا ئېھتىياجلىق بولغىنى،
تېپىلىدۇ ھارۋىسى يا ئامبارىدىن.
چۈنكى ماھىر كۆزىتىشكە ئەھۋالنى،
يېزىپ ئالار كەم-كۈسىنى ھەم ئالدىن.

زۆرۈر ماللار يوق بوپ قالسا ئەگەردە،
ئېرىنمەيدۇ كىرىشكىمۇ شەھەرگە.

يازدا ئاپتاپ، قىشتا جۇدۇن دەھشتى،
توسالمايدۇ ئۇنى ھەرگىز سەپەردە.

ئۆتەر ئايلار ـ يىللار ئەشۇ ھالەتتە،
ئۇ جاپالىق كۆرەشتە ھەر سائەتتە.
ئاشۇرماستىن دېگىنىنى ئەمەلگە،
ئوخلىيالماس ئۇ ھىچقاچان راھەتتە.

دىسەك نەدىن كەلدى ساڭا بۇ ئادەت،
دەيدۇ: يېڭى دەۋران بەردى جاسارەت.
بولدۇق بەختى كۆلگەن ئەلنىڭ ئىگىسى،
تاپقۇزىمىز ئۇنى يەنە كامالەت.

ۋاراقلار ئۇ يەنە چەكسىز غەزەپتە،
قارا ئۆتمۈش تارىخىنى شۇ سائەت.
قۇچقان ئۇ چاغدا كۆكنى زۇلمەت دەھشتى،
بوققان ئەلنى قات ـ قات زۇلۇم ـ ئاسارەت.

ئاشۇ قات ـ قات ئاسارەتنىڭ زەنجىرى،
بىر سودىگەر بايغا ئۇنى باغلىغان.
ئىشەنچلىك بولدى كەسىپ ئۇنىڭغا،
ئېغىر سەپەر يۈرىگىنى داغلىغان.

چورۇق تارتىپ، دەشت ـ چۆللەردە قۇم كېچىپ،
يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ،
توشۇيتتى ئۇ سودىگەرنىڭ مېلىنى،
كېچىسمۇ ئۇيقۇسىنى تەرك ئېتىپ.

كەتسە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىنىڭ،
مۇڭ ـ چېڭ ھەمدە ئاشلىق پاختىسى.
كېلەر ئىدى ئۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ،
رەخت ھەم چاي ـ تۇز، ھەتتا ھېجىر قاچىسى.

ھەر بۇلۇڭ چاي، ھەربىر مېتىر رەخت بۇندا،
ئايلىناتتى تالاي ئاشلىق، پاختىغا.
نېسى بېرىپ، بىرنى ئون قىپ ئالاتتى،
(ئۇستا ئىدى باي بۇ ئىشتا ساختىغا.)

ئۆكۈنەتتى ئىچ ـ ئىچىدىن ياش ئەبەي،
بولغىنىغا بۇ ئىشلەرنىڭ ھەغداسى.
دەر ئىدى ئۇ: قورقمايدۇ باي نىمىشقا،
تۇتۇشىدىن ئۇنى ئەلنىڭ قىساسى؟!

ئېيتالمايتتى بىراق ھەرگىز ئويىنى،
ئېيتسا يانماس باي يۇلۇشتىن بويىنى.
خەپ! دەيتتى ئۇ، خەقنى قاقتى ـ سوقتى قىپ،
تولدۇرغاندا باي ھەر قېتىم قويىنى...

شۇ تەرىقە بايغا ئىغىز ئاچالماي،
ياكى تاشلاپ باشقا يۇرتقا قاچالماي.
ئىشەك ھەيدەپ كۈندۈزى ھەم كېچىدە،
ئۆتتى كۈنلەر بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە.

ئازاتلىقنىڭ نۇرلۇق تېڭى ئاتقاندا،
بەختى كۈلۈپ كۆتەردى ئۇ قەددىنى.
مال ساتقۇچى بولۇپ يېڭى زاماندا،
بېغىشلىدى خەلق ئۈچۈن قەددىنى.

ئۆز كەسپىگە ئىچ-ئىچىدىن زوقلۇنۇپ،
كۆپتىن بۇيان ئىشلىدى جان كۆيدۈرۈپ.
قىلدى ئادەت مال سېتىشنى سەييارە،
خېرىدارغا ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ.

بىراق ئۇچراپ ئىش ئۈستىدە خەتەرگە،
يېڭى چىقتى بالنىتسىدىن بۈگۈن ئۇ.
كىتابخانىغا تېپىشماقتەك تۇيۇلۇپ،
مۇقەددىمەن ئەكس ئەتكەن تۈگۈن شۇ.

شۇ ۋەقەدىن سۆز ئاچايلى ئەمدى بىز،
تولسۇن يېڭى ھېسسىياتقا قەلبىمىز.

## ئىككىنچى باپ

### يېڭى ۋەزىيەتكە ئاتلىنىش

كۆتۈرۈلۈپ قۇياش تاغلار كەينىدىن،
چاچتى پارلاق نۇرلىرىنى ھەر يانغا.
جۇلالىنىپ ئېتىز ـ باغلار قۇچىغى،
چۇشتى تاللار شوخ شامالدا جەۋلانغا.

قىلدى جىلۋە شەبنەم قونغان گۈللەرمۇ،
مەرۋايىتتىن تىزىق ئاسقان ماجاندەك.
كۇيچى قۇشلار نەغمىسىنى ياڭراتتى،
چىقىۋاتقان كۇننى قارشى ئالغاندەك.

تاڭ قۇياشى سەن نىمانچە خاسىيەتلىك،
زور ھاياتى قۇدرەت سەندە نامايان.
نۇرۇڭ چۇشكەن ھامان چاقنار كائىنات،
كىلەر شۇ ئان ھەركەتكە ھەم بارچە جان.

شۇ نۇر گويا ئۇنىسىز پەرمان بىز ئۇچۇن،
شۇ نۇر ئىلھام، مەدەت ـ دەرمان بىز ئۇچۇن.
كۇندىلىك جەڭ بەيگىسىدە ھەرقاچان.
شۇ نۇر پەللە، شۇ نۇر ئىمكان بىز ئۇچۇن.

”باشلىنىدۇ كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن“
دىگەن سۆزنىڭ شۇدۇر تەكتى-مەنىسى.
مانا قايناپ كەتتى ئىشلار ئېتىزدا،
ياڭراپ ئەلنىڭ جۇشقۇن ئەمگەك نەغمىسى.

شۇ قاينامغا ئاقتى بىزنىڭ ئەبەيمۇ،
ھارۋىسىنى ھەر خىل مالغا تولدۇرۇپ.
توكۇلاڭچى توكۇلدايتتى تىنىمسىز،
كەڭ دالانى خۇش ئاھاڭغا چۆمدۈرۈپ.

بۇ ئاھاڭدا باردۇر ئاددى خادىمنىڭ،
ئۆز كەسپىگە بولغان چەكسىز سۆيگۈسى.
بۇ ئاھاڭدا باردۇر ئاددى خادىمنىڭ،
پاك قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈلكىسى.

قاندۇرۇشقا تەشناسىنى ئاممىنىڭ،
شارقىرايدۇ تاغ سۈيىدەك يېقىملىق.
دەل ۋاقتىدا ياققان زىلال يامغۇردەك،
ئىلكىدە بىر زور ئىللىقلىق ئېقىغلىق...

*　　　*　　　*

مۇزىكىغا ئىشقى چۈشكەن ھەۋەسكار،
سۆيۈنگەندەك ئاڭلاپ تەمبۇر كۈيىنى.
ئولتۇراتتى بىر ياش يىگىت پۇكەيدە،
ئاڭلاپ زوقمەن توكۇلاڭنىڭ ئۈنىنى.

ئۇستازىغا بولغان ھۆرمەت سۆيگۈسى،
مۇجەسسەمدۇر ئۇنىڭ جۇشقۇن قەلبىدە.
توكۇلاڭغا باغلىدى ئۇ مۇھەببەت،
شۇ ئۇستازغا زىچ ئەگىشىپ ھەممىدە.

ئۇستازىغا ئۇرغىغانچە مۇھەببەت،
توكۇلاڭغا خوشال قۇلاق سالاتتى.
توكۇلاڭنىڭ شات كۈيىگە ئەگىشىپ.
كەچمىشىنى بىر-بىر ئەسكە ئالاتتى.

بۇ كەڭ يېزا قۇچىغىدا تۇغۇلغان،
ئەمگەك سۆيەر باتۇر دىخان ئوغلى ئۇ،
ئۆستى يېزا مېھرى بىلەن ئۇلغىيىپ،
ھەم يېزىغا چەكسىز مېھىر قويدى ئۇ.

شۇ ئاتەشلىك مۇھەببەتنىڭ ئىلكىدە،
قاناتلاندى ئۇنىڭ ئارزۇ شۇڭقارى.
ئۇئۇدى ئۇ بولماق ئۇچقۇن يېزىنىڭ،
سەپەرلەردە ئالغا ئاتلار تۇلپارى.

بىراق چېچەك ئۇچۇرغاندەك دوقالغا،
ئاچچىق يىللار بورىنىغا دۇچ كەلدى.
ئاچتى قۇچاق ئاڭا "قايتا تەربىيە"،
ئوقۇش توختاپ دۆي قوينىغا يۆتكەلدى.

باغلاپ ئاتا كەسپىگە چىن مۇھەببەت،
ئىشلىدى ئۇ چاك-توزاڭغا مىلىنىپ.
يۈز-قوللىرى كۈندە كۆيۈپ قارايدى،
ئالقانلىرى قاتتى قاداق ئىز سىلىپ.

بىراق ھەيران ئىدى شۇنداق ئىشلەپمۇ،
قالار ئىدى يەنە قەرزگە بوغۇلۇپ،
كۈنلۈك ئەمگەك ھەققى يەتمەس بىر نانغا،
ئاڭلىمىغان بۇ ئىشنى ئۇ تۇغۇلۇپ،

خامان ئالغان دىخان جۇل-جۇل كىيىمدە،
ئۆتەر ئىدى پارچە نانغا زار بولۇپ.
قالسا ئاغرىپ يوقتى ئەھۋال سورارى،
ھەركىم يۈرەر ئۆز دەردىدە ئاھ ئۇرۇپ.

ئەنە شۇنداق كۈنلەر بۇ چەت دۆيدە ئۇ،
قالدى ئاڭلاپ توكۇلاڭنىڭ ئۈنىنى.
بولدى ھەيران، دەپ: بۇ قانداق ھاماقەت،
بىلمەيدىغان ئەلنىڭ دەردى مۈڭىنى.

ئەستىن چىقتى بۇندا پۇلنىڭ رەڭگىمۇ،
كۆرمىگىنى نەكەم ئۇنى بۇندا ئەل.
يوق بۇ يەردە ساڭا ئەسلا خېرىدار،
ئۇقۇشماستىن كېلىپ قاپسەن بىمەھەل!

كەلدى شۇندا توكۇلاڭچى يىقىنلاپ،
توكۇلدىتىپ توكۇلاڭنى زوق بىلەن.
چىرايىدا ئۇينار ئىللىق تەبەسسۇم،
چىللار ئەلنى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن.

قاراپ ئۇنىڭ ھارۋىسىغا شۇ مەھەل،
ئاشتى ئۇنىڭ ھەيرانلىغى كۆڭلىدە.
تولغان ھارۋا مال ھەم تۆمۈر ـ تەسەككە،
كۆرمىگەن ئۇ بۇنداق ئىشنى ئۆمرىدە.

دىدى قاراپ: مال ساتامسىز ۋە ياكى،
كەلدىڭىزمۇ ئەسكى ـ تۈسكى يىغقىلى؟
كەسىپىڭىزنى ئاتايمىز بىز نىمە دەپ؟
ئىزاھەتسىز بولمايدىكەن ئۇققىلى.

كۈلۈمسىرەپ باقتى ئەبەي يىگىتكە،
يۈرىگىدە زور ھاياجان دولقۇنلاپ.
دىدى: ئۇكام قىيىن ئەمەس چۈشىنىش،
چۆكسىڭىزلەر ئەل ئىچىگە چوڭقۇرلاپ.

ئېيتمىسامۇ سىزمۇ دىخان يىگىتى،
خەۋىرىڭىز باردۇ دىخان ھالىدىن.
يوقسۇزلۇقتىن تۈزمۇ سېتىپ ئالالماس،
قىيىن ماڭا ئۆتمەك ئۇلار ئالدىدىن.

هاجىتىدىن چىقماق شۇڭا ئۇلارنىڭ،
بولدى مېنىڭ ئەڭ مۇقەددەس نىشانىم.
ئىگە قىلىش ئۇلارنى چاي پۇلىغا،
تۆمۈر-تەسەك سېتىپ ئېلىش مۇددىئايىم.

ئەشۇ بىر سۆز ئاپتۇۋىدەك باھارنىڭ،
بەردى يىگىت ۋۇجۇدىغا ھارارەت.
نە ئاپتاپ ئۇ، توكۇلاڭچى قەلبى ئۇ،
نەچچە ئاپتاپ تەپتىدىنمۇ بەھەيبەت.

شۇندىن بۇيان قالدى ئورناپ يىگىتنىڭ،
يۈرىگىگە شۇ يالقۇنلۇق بىر ئوبراز.
مالساتقۇچى بوپ، بولدى ئەلگە نەپ بەرمەك،
تۇتۇپ ئەشۇ توكۇلاڭچىنى پىر-ئۇستاز.

. . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . .

بۈگۈن مانا مالساتقۇچى بوز ياش يىگىت،
بارار بېسىپ ئۇستازىنىڭ ئىزىنى.
ئۇستازىدەك توكۇلدىتىپ توكۇلاڭ،
تالاي قېتىم چىقتى كېزىپ يېزىنى.

بىراق نېسىپ بولغىنى يوق ئۇنىڭغا،
ئۇستازىدەك تۆمۈر-تەسەك يىغماقلىق.

چۈنكى يېڭى دەۋران بەخت ياراتتى،
دىخان بېيىپ تاپتى روناق، زور شاتلىق.

شۇ خۇشاللىق دولقۇنىغا ئەگىشىپ،
كىردى گۈللەش باسقۇچىغا تىجارەت.
جىددىيلىككە قوشۇلدى زور جىددىيلىك،
ئالدىراشلا ئۆتەر كۈنلەر داۋامەت.

بىراق ئۇستاز ئۇنتۇمايتتى ھېچقاچان،
ئېتىز-قىرنى ئايلىنىپ مال ساتماقنى.
دەيتتى: خىزمەت قىلىش كېرەك سودىمۇ،
مەقسەت قىلىپ ئىشقا تۆھپە قاتماقنى.

شۇ ۋەجىدىن ماڭدى ئۇستاز تاڭ بىلەن،
قاراپ تىتىر دىگەن ياققا يول ئېلىپ.
ئۇندا بوز يەر ئېچىلماقتا خېلىدىن،
بىر تىراكتۇر جىددى ئىشقا سېلىنىپ.

ئىشلەيدۇ شۇ تىراكتۇردا تۆت-بەش ياش،
كېچە-كۈندۈز دىمەي جىددى بېرىلىپ.
ۋەدە قىلغان ئۇلار قايتىپ كەلمەسكە،
تاماملانماي كۈزگى بۇغداي تېرىلىپ.

دەيتتى ئەبەي: بىزنىڭ باتۇر يىگىتلەر،
يېزىمىزنىڭ ئۇلگىسى ھەم غۇرۇرى،

بېغىشلايدۇ ئۇلارغا كۈچ، جاسارەت،
ئۆم ئەمگەكنىڭ غەلىبىسى-ھۇزۇرى.

كۆزلەپ شۇڭا ھامان يۈكسەك پەللىنى،
ئەگمەي مۈشكۈل-جاپالارغا قەددىنى.
كەلتۈرمەكتە قولغا قوشلاپ غەلىبىنى،
ۋەتەن-ئەلگە بېغىشلاپ چىن قەلبىنى.

شان قۇچۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ ئىشىدا،
بولماق زۆرۈر ئۇلارنىڭمۇ قېشىدا.
ئالدىم يىمەك-ئىچمەك ھەمدە تاماكا،
غەيرەتلەنسۇن دەپ مول ھوسۇل ئىشقىدا...

ئولتۇرغانچە شاگىرت پۈكەي ئالدىدا،
شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتتى زوق بىلەن.
توكۇلاڭ ئۇنى كەتتى ئاستا يىراقلاپ،
تولدى شاگىرت قەلبى جۇشقۇن روھ بىلەن.

*   *   *

نەيزە بويى ئۆرلەپ قۇياش ساماغا،
ھەر تەرەپكە كۈلۈمسىرەپ باقاتتى.
رەڭدار ئىپتىز، سۇۋادانلىق يوللارغا،
يىپەك كەبى تال-تال نۇرلار ئاقاتتى.

بارار ئىدى ئەبەي ئالغا ئىلگىرىلەپ،
مەنزىرىلەر زوقى بىلەن شاتلىنىپ،

گېتەر ئىدى ئۆيى ئۇنىڭ پات-پاتلا،
تىراكتورچى يىگىتلەرگە ئاتلىنىپ.

خىيالىدا تىراكتورچى يىگىتلەر،
سېزىلەتتى ئۇنى كۆتۈپ تۇرغاندەك.
ئەشۇ سېزىم تېزلىتەتتى قەدەمنى،
ئاق يەلكەننى شامال كېلىپ ئۇرغاندەك...

بىراق ئەبەي كەلگىنىدە "تېتىر"غا،
بولغىنى يوق ئىشلار ئۆزى كۆتكەندەك.
ھەممەيلەننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن،
گويا قىممەت بىر نەرسىسى يوتكەندەك.

چۆمۈلگەنچە ماي ھەم تەرگە يىگىتلەر،
تىراكتورنى تەكشۈرەتتى يېرىلىپ.
بۇزۇلدىمۇ؟ — دىدى ئەبەي بۇ ھالەت
ئۇنىڭ ئۈچۈن كېلىشمەسلىك سېزىلىپ.

شۇنداق، دىدى جاۋاپ بېرىپ يىگىتلەر
(ئايرىۋالدى تىراكتوردىن يوغاڭنى)
تەڭ كېچىدە كەتتى كۆچى ئاجىزلاپ،
مىڭ جاپادا ئاتقۇزدۇق بىز بۇ تاڭنى،

ئەستا، دىدى ئەبەي شۇندا يېنىشلاپ،
بۇ ھالەتتىن تىت-تىت بولۇپ بوغۇلۇپ.

جىددىلىكتىن ياندى پۇتكۇل ۋۇجۇدى،
يىگىتلەرنىڭ قايغۇسىغا قوشۇلۇپ.

تەكشۇرۇشتىن تىراكتۇرنى ئاخىرى،
بولدى مەلۇم سۇ چۇشكىنى كارتىرغا①
دىمەك ئەمدى كەچكە قالماي پۇتەر ئۇ،
ياگىرار يەنە ماتۇر ئۇنى گوبىغا.

چاقناپ كەتتى يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرى،
تۇمان تارقاپ ئېچىلغاندەك كۇن يۇزى.
چىقتى خۇشال كۇلكە، چاقچاق ئەۋجىگە،
شات كۇلكىگە تولدى ئاسمان گۇمبىزى.

لېكىن ئىشلەر ئىدى كەلمەي بىر يىگىت،
قانداقتۇر بىر كاشىلىنى ئاختۇرۇپ.
سۇغاردى يۇباگدىن ئۇ پولىنجىرنى②
ماگلىيىغا ئۇردى بىرنى ئاه ئۇرۇپ

پولىنجىر دەپ ئاتايدىغان بۇ پۇرژىنا،
ئىشتىن چىققان ئىدى تامام ئۇپىراپ.

① كارتىر — ماي تەگنىسى (يۇدى).
② پولىنجىر — تىراكتۇر مېخانىزمىنىڭ كىچىك بىر پۇرژىنىسى (جوسەي).

یوقتی قایتا سیلش ئۆچۆن یێگیسی،
هەممە یاشنی ئالدی تەشۆیش تەگ ئوراپ.

موْمکن ئەمەس هەل قیلماق بوْ سایمانینی،
بارماي توْروْپ نوْگجیزەنگە ـ شەهەرگە.
بیراق شەهەر یىراق،
یاکی ئەبەیکا،
چاپسوْنمیکین بوز قاشقاك بوْ سەپەرگە؟

یاخشی، یاخشی، ـــ دیدی ئەبەي شات كوْلوْپ،
تەییار مەنموْ شوْنداق ئىشنی قیلیشقا.
سلەر تازىلاپ تەخ قیلیڭلار یودینی،
باراي ئۆزەم شوْ سایمانینی ئێلیشقا.

یاق بولمایدوْ، ـــ دیدی هەممە بیردەكلا،
ئوْنی ئایاش هێسسی بیلەن شوْ هامان.
سەن ئارام ئال بیزدین بیری ئاتلانسوْن،
یاشانغاندا یول ئازاۋی بەك یامان.

یوقسوْ، ـــ دیدی ئەبەي قاراپ هەممیگە، ـــ
تەگ ئورتاق بیز قازانغوْچی غەلیبگە.
جاپا چەكمەي كەلمەس ئۆزی ~~غەلیبگە~~، قەلیب
بوْنداق جاپا هوْزوْر كیشی قەلبیگە.

سۆزلىگەنچە ئەبەي جىددى تۇس ئېلىپ،
ئاتقا مىندى، ماڭدى ئۇدۇل شەھەرگە.
ھاياجاندا يۈرەكلىرى دولقۇنلاپ،
قالدى ياشلار زوقلىنىپ بۇ قەيسەرگە.

## ئۈچىنچى باپ

## شەھەردىن قايتىش يولىدا

چەكسىز قۇملۇق دېڭىز ئوخشاش سوزۇلغان،
قوم دۆڭلىرى دولقۇنلارنى ئەسلىتەر.
كېلەر ئەبەي دولقۇن يارغان كاراپتەك.
چۆلنى يېرىپ، يىراقلارغا سېپ نەزەر.

يىراقلاردا ياتار قارلىق چوققىلار،
پېتىۋاتقان كۈن نۇرىدا يالتىراپ.
ئۈچىشىدۇ كۆكتە قاتار تۇرنىلار،
قۇرۇلدۇشۇپ مەنزىلىگە ئالدىراپ.

ئالدىرايدۇ سەپىرىدە ئەبەيمۇ،
نىشانىغا تېزلىك بىلەن يەتمەككە.
ئالدىرايدۇ يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى،
ئۆز سوغىسى بىلەن ئەمىن ئەتمەككە.

مانا يەنە ئەشۇ چۆلنى قايتىلاپ،
باسماقتا ئۇ ئالماي تۇزۇك دېمىنى.

چارچىسمۇ نالدمايتتى سەپەردىن،
ئويلاپ تامام كوللىكتىپنىڭ غېمىنى.

دەيتتى ئەبەي: يەتكۈزسەم مەن چاپسانراق،
ئىشتىن چىققان تىراكتۇرنىڭ جېنىنى.
قانچە چاپسان جان ئۈلىسام ئۇنىڭغا،
شۇنچە بالدۇر قىزىتار ئۇ جېڭىنى،

شۇنداق جۇشقۇن ئۇيلار بىلەن زوقلىنىپ،
ماڭار ئەبەي ئاشۇ يولدا روھلىنىپ.
قالدى ئارتتا تالاي ئىگىز بارخانلار،
بارار ئەبەي ئالغا ئاتقان ئوق بولۇپ.

ھەي چۆل دىگەن...
بەلكىم سىزمۇ كىتاپخان،
ئۇندا يۇرگەن بولغىدىڭىز قۇم كېچىپ.
ئۇندا يازدا كۆيدۇرسە كۈن قوقاستەك،
كۈزدە بوران دەھشەت سالار قۇم چېچىپ.

باياتىنلا ئوچۇق تۇرغان ھاۋانى،
بۇلۇت قاپلاپ چىقتى شامال غۇرقىراپ.
قۇرۇپ گويا كۆككە تۇۋرۇك بەستىدىن،
كەلدى قۇيۇن ھەيۋەت بىلەن پۇرقىراپ.

هەرگىز بىكار ئېيتمىغانىكەن كونىلار،
قويۇن بوران ئۈچۈن هامان ئەلچى دەپ.
قويۇن بىلەن كەلدى هۆۋلاپ بورانمۇ،
قۇم توپا بىلەن تولدى هەر تەرەپ.

ئىككىلىنىپ ئەبەي ماڭغان يولىدىن
بولدى قايتماق ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.
بىراق ئارتتا تالايلىغان يول قالدى،
غايىپ بولدى كۈنمۇ مانا ئولتۇرۇپ.

"يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت قايتماس سۆزىدىن"
دىدى ئەبەي كېلىپ قايتا غەيرەتكە.
يولداشلارغا قانداقمۇ يۈزكېلىمەن،
يەتكۈزمىسەم پولىنجىرنى تېز پۈرسەتتە.

غەيرەتلىنىپ قامچا ئۇردى ئېتىغا،
بوران يېرىپ قىلدى داۋام يولىنى.
دەيتتى: بوران قانچە كۈچەپ ئۇرسىمۇ
جەزمەن يېرىپ ئۆتەلەيمەن مەن ئۇنى!

بىراق بوران دەهشەت بىلەن هۆركىرەپ،
يول بەرمەيتتى ئاتقا ئالغا يۈرۈشكە.
غىچىرلايتتى چىشلىرىدا قۇم-توپا.
كۆز ئاچالماس ئىدى يولنى كۆرۈشكە.

قۇمنى چاپچىپ ئات جانىۋار پۇشقۇرۇپ،
كىشىنگەنچە ئۆرەنلىرى ئۇشتۇمتۇت.
ئايلانغاندەك بولدى بىردىن يەر-ئاسمان،
يەرگە قاڭقىپ چۈشتى ئەبەي شۇ مىنۇت.

چەكسىز غەزەپ دولقۇنلىنىپ قەلبىدە،
يانپىشىنى سىلىغانچە تۇردى ئۇ.
چاپقىنىچە ئۇزاپ كەتكەن ئىدى ئات،
ئەلەم بىلەن ماڭلىيىغا ئۇردى ئۇ.

مانا ئەمدى ئۇزاق سەپەر ھاردىغى،
كۆرسەتمەكتە ئىدى ئاگا ئۆزىنى.
تارتىشاتتى قوسىغىمۇ ئاچلىقتىن،
قاراڭغۇلۇق كىلىپ باستى كۆزىنى.

سەندىرولۇپ شۇ ھالەتتە يەنە ئۇ،
مەنزىل تامان ماڭدى ئالغا ئىنتىلىپ.
ئۇرۇلاتتى بوران كىلىپ ئۇنىڭغا،
يارنى بۆسۈپ چۈشكەن سۇدەك ئېتىلىپ.

كەتسە بىردەم يۇلغۇنلارغا ئۇرۇلۇپ،
گاھ قالاتتى بارخانلارغا تورۇلۇپ.
بېشى قېيىپ كەتتى ھالىدىن كۆپ ئۆتمەي،
سوغ تەر باستى گەۋدىلىرى قورۇلۇپ.

ئىختىيارسىز پۈكۈلدى ـ دە تىزلىرى،
قۇم ئۈستىدە يانپاشلىدى سوزۇلۇپ.
قوپالمىدى نەچچە نۆۋەت تىرمىشىپ،
قالغاندەكلا گويا تورغا ئورۇلۇپ،

سىلجىدى ئۇ ئاندىن يەرنى بېغىرلاپ،
ماگىلىيىدىن سوغاق تەرلەر قۇيۇلدى.
كۆچەنگەنچە كۆڭلى قاتتىق ئېلىشىپ،
يەرۇئاسمان ئايلانغاندەك تۇيۇلدى.

ھەركىتىدىن قالدى ئاستا ـ ئاستىلاپ،
مۇئەللەقتە سەزدى ئەمدى ئۆزىنى.
تەۋرىنەتتى گۈلەنگۈچتە گويا ئۇ،
شېرىن ئۇيقۇ باسماقتىدى كۆزىنى.

سەزمىدى ئۇ شۇندىن كېيىن باشقىنى،
سېزىلمىدى بورانىنىڭ قۇم چاچقىنى.
ئۆكۈندى ئۇ خىرە پىكىر ئىلكىدە،
شۇمىدۇ دەپ، غەپلەت ئۇيقۇ باسقىنى؟

## تۆتىنچى باپ

### دوختۇرخانىدا

خىرە ـ شىرە سەزدى پەقەت قۇياشنىڭ،
چېچىلغاندا ھايات بەخش نۇرلىرى.

چىملدايتتى نىمشقىدۇ تەنلىرى،
سوزار ئىدى قوللىرىنى ھەم بېرى.

ئاچالمىدى شۇنچە كۆچەپ كۆزىنى،
تېپىرلىدى ھەر يان ئۇرۇپ ئۆزىنى.
قىمىرلاشقا قويماي لېكىن نىمىدۇ
بېسىپ تۇرار ئىدى ئۇنىڭ كۆكسىنى.

ئۇنىڭ كۆچسىز ئاۋازىغا شۇ ھامان،
جاۋاپ قاتتى ناتونۇشلا بىر ئايال.
دوختۇردا سىز قىلماڭ تولا ۋەھىمە،
دىدى سوراپ ئەبەيدىن ئۇ ھال-ئەھۋال.

ھە؟ دىدى-دە، ئەبەي جىددى تۇس ئېلىپ،
يانچۇغىغا قول ئۇزاتتى ئالدىراپ.
قۇرۇق يېنىپ چىقتى قولى يانچۇقتىن،
ئۆگى ئۇچۇپ پولىنجىر! دەپ ۋاقىراپ.

ئۇلگۇرەلمەي جىملەشكە سېستىرا،
ئۇمتۇلگەندە تۇتماق بولۇپ قولىدىن.
مەڭدىگەندەك بولۇپ ئەبەي ئاشۇ دەم،
تۇرۇپ كەتتى تۇۋلىغانچە ئورنىدىن.

بۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ قىزغىن قەلبىنى،
چۈشىنەرسىز بىلەن بىز كىتاپخان.

ئۇ ئويلايدۇ ئىپ بىرىپ پولىنجىرنى،
بىغىشلاشنى تىراكتۇرغا دەرھال جان.

شۇ ئوي بىلەن تەمشەلدى ئۇ ماڭماققا،
ماڭالمىدى بىراق قانچە ئىنتىلىپ.
چۈنكى دوختۇر قويماي ئۈنىڭ ئەركىگە،
تۇتۇپ ئالغان ئىدى شۇ دەم چىڭ بىسىپ.

دىدى دوختۇر: قىلماڭ تولا قاراملىق.
قاراملىقتىن يوقتۇر تەنگە ئاراملىق.
تەن ساقلىغى ئىنقىلاپنىڭ دەسمىيى،
دەسمىسىز بولۇش تەستۇر ياراملىق.

قانچە زورۇر بولسىمۇ ئۇ نەرسىڭىز،
سالامەتلىك زورۇر ھازىرسىز ئۈچۈن.
قىپ قالسىمۇ ئىشلىرىڭىز بۈگۈنچە،
ئىشلەش مۇمكىن ئۈنى ئەتە-يە ئۆگۈن.

چۈشكىنى يوق نورمال مۇقىم ھالەتكە،
تىنىڭىزنىڭ ھارارىتى تىخىچە.
تازىلانسىمۇ كوزلىرىڭىز قۇملاردىن،
تۇرار تىخى ئىششىغى شۇ پىتىچە.

يولداش دوختۇر، — دىدى ئەبەي ئاخىرى،
تەقەززالىق بىلەن تاق بوپ تاقىتى:

سۆزىڭىزدە مېھرىۋانلىق نۇرى بار،
ھەر سۆزىڭىز كېسەل تەنىنىڭ راھىتى.

بىراق دوختۇر، مەن ئىزدىگەن پۇرژىنا،
بەرمەس ئىمكان يەنە ئارتۇق يېتىشقا.
ئاشۇنىڭسىز ئىشلىمەيدۇ تىراكتۇر،
ئاشۇنىڭسىز بولماس بوزيەر ئېچىشقا.

پۇرژۇنا؟! دەپ چۆكتى دوختۇر خىيالغا،
ھىمىرلىدى ئۇنىڭ قارا قاشلىرى:
ئېلىپ كەتتى بولغاي ئۇنى كېچىلا،
ئۆزىڭىزنىڭ گۇڭشېسىنىڭ ياشلىرى.

ئېلىپ كەتتى، دىدى شۇندا بىر كىشى،
كىرىۋىتىپ چايدان ئېلىپ تالادىن.
قىلدى چاقچاق: يەنە نىمە ئەبەيكا،
شۇكۇر قىلماي قۇتۇلغانغا بالادىن.

مۆمىن، دىدى توۋلاپ ئەبەي شۇ ھامان،
ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ شاتلىق ئۆركىشى.
ئەبەيكا! دەپ باستى ئۇنى باغرىغا،
كىرگىنىچە مۆمىن ئاتلىق شۇ كىشى.

قول سىقىشقان پېتى ئىككى قەدىناس،
چۈشتى گەپكە كۆڭلى گۇلدەك ئېچىلىپ.

باياتنقى غەشلىكلىرى ئەبەينىڭ،
شۇ سۆھبەتتە كەتتى تولۇق يېشلىپ.

*　　　　*　　　　*

چۆلدە چىققان ئاشۇ بوران شۇ كۈنى،
”تېتىر“نىمۇ قىلدى كۆيقاپ ئەبەينى.
تىراكتۇرنى دالدا قىلغان يىگىتلەر،
ۋەھىمىگە چۈشتى ئەسلەپ ئەبەينى.

ئەنسىرېشىپ تۇرغان چاغدا يىگىتلەر،
كىمدۇر بىرى يېتىپ كەلدى ئات چېپىپ.
ئەبەيكام! ــ دەپ تۇردى ھەممە دۇررىدە،
بىراق كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى تاڭ قېتىپ.

ئات ئەبەينىڭ بوز قاشقىسى بولسىمۇ،
مىنگەن ئۇنى ئۇنىڭ شاگىرت يىگىتى.
دىدى يىگىت: نەگە كەتكەن ئەبەيكام،
كەلدى ئۆزى قايتىپ ئۇنىڭ بۇ ئېتى.

ئىگەر توقۇم چۈشكەن تامان قارنىغا،
دىرەك بېرىپ قانداقتۇر بىر خەتەردىن.
ئەنسىرەشتە كۆڭلۈم ئىمىن تاپالماي،
سۈرۈشتۈرۈپ كەلدىم شۇڭا سىلەردىن.

چۆچۈشكەنچە، قۇتقۇزماققا ئەبەينى
چۆلگە قاراپ ئاتتى ھەممە ئۆزىنى.

قول چىراقلار ۋال-ۋۇل قىلىپ ھەر ياندا،
قىلىچ ئوخشاش كەستى تۈننىڭ كۆكسىنى.

تۇشمۇتۇشتىن ئىزدەپ ئۇلار ئاخىرى،
تاپتى بارخان ئارقىسىدىن دوستىنى.
ياتاتتى ئۇ قۇمغا يېرىم كۆمۈلۈپ،
يوقاتقانچە تامام ئېسى-خۇدىنى.

ئالدىرىتىپ تېزرەك تەدبىر كۆرۈشكە،
دۈپۈلدەيتتى شۇ دەم ئۇنىڭ يۈرىگى.
قىلدى قارار ئېپ بېرىشقا دوختۇرغا،
مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ ئىستىگى.

ئەنە شۇ چاغ تىراكتۇرچى يىگىتلەر،
ئېلىپ كەتكەن يانچۇغىدىن پولىنىجىرنى.
ئېلىپ كەلگەن مۆمىن بىلەن باشقىلار،
قۇتقۇزۇشقا بالىنىسىغا ئەبەينى.

بۇندا دوختۇر ۋەدە قىلدى ياتقۇزۇپ،
ساقايتىشقا ئۇنى شىپا تاپقۇزۇپ.
شۇنىڭ بىلەن ئەمىن تېپىپ باشقىلار
كەتكەن پەقەت مۆمىنجاننى قالدۇرۇپ.

كەتمەي مۆمىن ئەسلا ئۇنىڭ يېنىدىن،
بىرمۇ كىرپىك قاققىنى يوق تاڭغىچە.

ئوت-كاۋاپ بوپ، بەزى جۆيلۈپ، ئىڭىرلاپ،
ياتتى ئەبەي ھوشسىز ھالدا ئاڭغىچە.

ئايرىلدى ئۇ ئۇنىدىن پەقەت بەش مىنۇت،
كىرمەك ئۈچۈن تاڭ بىلەن تەڭ چاي ئىلىپ.
كىم بىلىپتۇ ئاشۇنچىلىك ئارىلىقتا،
تىپىرشىنى ئۇنىڭ "غوۋغا" جار سېلىپ...

* * *

قاقاقلىشىپ كۈلدى دوختۇر، خۇشلار،
چاقچاق بىلەن تۈگىگەن شۇ سۆز بىلەن.
ھاياجاندىن دىدى ئەبەي دۇدۇقلاپ،
ھىممەتىڭلار ئۈچۈن رەھمەت يۈز تۈمەن.

ئىپىتىلىسمۇ بۇ سۆز ئاددى ۋە قىسقا،
قىلدى جەلىپ دىققىتىنى ھەممىنىڭ.
چۈنكى بۇندا باردى قايتا ئۆركىشى،
كوللېكتىپقا بېغىشلانغان قەلبىنىڭ.

شۇنداق، ھامان ئۆركەشلەيتتى بۇ قەلپ،
ئازات ئەلنىڭ مېھرى بىلەن لىق تولۇپ.
خاسىيىتىدىن ئەنە ئاشۇ مېھرىنىڭ،
ھايات تاپتى ئۇ قايتىدىن تۇغۇلۇپ.

شۇ مېھرىنىڭ تەپتى بىلەن ياڭقۇنلاپ،
ئۆركەشلەيتتى ئۇنىڭ قەلبى تىنىمسىز.

سىزەر ئىدى چەكسىز قۇدرەت ئۈزىدە،
قالدۇرماققا ھاياتىدىن يېڭى ئىز.

## خاتىمە

مانا بۈگۈن ياغرىماقتا توكۇلاڭ،
سېلىپ يەنە كەڭ دالانى لەرزىگە.
ئاڭلاپ ئۇنى قىلسا لەۋلەر تەبەسسۇم،
چۈمۈلەتتى دىللار شاتلىق پەيزىگە.

پاختىزارلار ئارا خۇش خۇي ئايالار،
زوقى بىلەن ئاڭا كۈلۈپ قارايتتى.
بەزىلىرى كېلىپ دەرھال خۇش كۈلۈپ،
لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئالاتتى.

خەيرلىشىپ ئۇلار بىلەن خۇش چىراي،
ماڭار ئىدى ئەبەي ئالغا توختىماي.
دەيتتى يەنە: توختىمايمەن بۈگۈنمۇ،
تىراكتورچى يىگىتلەرنى يوقلىماي.

ئۆتۈپ تۈپ-تۈز سوۋادانلىق يوللاردىن
ماڭدي "تېتىر" دەپ ئاتالغان تەرەپكە.

دەيتتى ھەممە: ئەمدى ئۇنىڭ ئىزلىرى،
ئىگە بولار تېخىمۇ زور شەرەپكە.

1980 ـ يىلى يېزىلدى،

1982 ـ يىلى قايتا تۈزىتىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: غۇلام غوپۇرى
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

# ئىختىرا ھەۋىسى باشلىنار شۇنداق

(شېئىرلار)

تۇرغان شاۋۇدۇن

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1987-يىل 3-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1987-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.47 يۈن

**创作之兴趣如此开始**

**(诗集)**

(维吾尔文)

吐尔干夏吾东著

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：4 1/4

1987年3月第1版

1987年3月北京第1次印刷

印数：0001—1,500册　定价：0.47元

书号：M10049(4)217

书号 M 10049(4) 217
定价 0.47元